215
H215.7/1

مىرسۇلتان ئۇسمانوف

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى

www.birhon.com
بىرھون بىلىم ئامبىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى نەشر قىلدۇردى

21500009707
中央民族大学
書
圖书馆

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇۋەلى مۇھەممەت ئېلى

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى

مىرسۇلتان ئوسمانوف

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168mm 1/32 باسما تاۋىقى 11.72
2004 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 7—228—09063—2
باھاسى: 20.00 يۈەن

# ئاپتوردىن

ئۇقۇرمەنلەرگە سۇنۇلۇۋاتقان «خوتەن دىيالېكتى» 1956 - يىلى 9 - ئايدىن 1957 - يىلى 3 - ئايىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان تىل تەكشۈرۈش 6 - ئەترىتىنىڭ خوتەن گۇرۇپپىسىدا گۇرۇپپا باشلىقى سۈپىتىدە تىل تەكشۈرۈشكە قاتنىششىم جەريانىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا نەشرگە تەييارلاندى.

ئارىلىقتا 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا قولۇمدا قالغان بىر قىسىم ماتېرىياللار مەسىلەن، خېلى بىر قىسىم تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ يېزىسى، يېشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ... قاتارلىق ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار يوقىلىپ كەتتى. بەزى ماتېرىياللار قالايمىقانلىشىپ قالدى. شۇڭا بۇ ئەسەردە بەزى كەمتۈك قالغان ئورۇنلارمۇ يوق ئەمەس.

ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، 1956 — 1957 - يىللىرىدىكى تىل تەكشۈرۈش نوقۇل دىيالېكت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلماي، پەقەت دىيالېكتلارنىڭ ئەدەبىي تىلىمىز بىلەن بولغان يىراق — يېقىنلىقىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، خوتەن دىيالېكتى ئۈچۈن ۋەكىل سۈپىتىدە تاللاپ ئېلىنغان نۇقتىلار خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر بويىچە مەدەنىيەت، مائارىپتا بىر قەدەر ئۈستۈنرەك بولغان، كۆپىنچە قاتناش تۈگۈنلىرىگە جايلاشقان رايون ۋە يېزىلار ئىدى. مۇنداق رايون ۋە يېزىلاردىكى ئاۋام خەلق تىلىدا ئەدەبىي تىلنىڭ

ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەسىرلىرى بولغاچقا، تىل ماتېرىيالى ئۇچۇن تاللاپ ئېلىنغان شەخسلەرنىڭ تىلىدا دىيالېكتلىق ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتى، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، بۇ ئەسەرنى خوتەن دىيالېكتىنىڭ دىيالېكتلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ، دېيەلمەيمەن.

مۇندىن باشقا، بۇ ئاز كەم يېرىم ئەسىر داۋامىدا ئومۇمىي خوتەن دىيالېكتىدا مەن تەكشۈرگەن ۋاقىتتىكىگە نىسبەتەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، يەنى ئۇ ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم دىيالېكتلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتتى، مەسىلەن، 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئېلىچى ناھىيىسىنىڭ لاگرو كەنتىگە بېرىپ، ئۇ جاينىڭ تىل ئەھۋالىنى كۆزەتكىنىمىزدە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالغان [o] ، [ø] تاۋۇشلىرىنىڭ كۆپىنچە ئەدەبىي تىلدىكىدەك تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئەدەبىي تىلدىكىدەك [e] گە ئاجىزلىشىدىغانلىقى بايقالغانىدى. بۇ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىنو ـ تىياتىر، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تورلىرىنىڭ كېڭىيىشى ، خەلقنىڭ ساۋات چىقىرىش نىسبىتىنىڭ ئۆسۈشى . . . قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ ئەدەبىي تىل بىلەن يەرلىك دىيالېكتلار ئارىسىدا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئەھۋال. شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەنلەر خوتەن دىيالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە مۇندىن 50 يىلچە بۇرۇنقى ئەھۋالغا ئاساسەن بايان قىلىنغان بۇ

ماتېرىياللارغا هازىرقى نۇقتىدىن قاراپ قالماسلىقى كېرەك. مۇشۇ مەقسەتتە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈن 1956 - يىلى 10 - ئايدا قارىقاش ناهىيىسى قاپاقلا يېزىسىدىن نىزامىدىن خەلپە ئېيتىپ بەرگەن «ziwidixan» دېگەن خەلق چۆچىكىنىڭ 1986 - يىلى 10 - ئايدا ئېلچى ناهىيىسى لاڭرۇ كەنتىدە ئابدۇمىجىتخان (40 ياش، چالا ساۋات) ئېيتىپ بەرگەن ئىككىنچى بىر ۋارىيانتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قىسمىدا بېرىپ قويۇلدى.

خوتەن دىيالېكتىنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئۆزىمىز خاتىرىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا پەقەت ئەدەبىي تىل بىلەن فونېتىكىلىق جەهەتتىن پەرقى بولغان، شۇنىڭدەك ئەدەبىي تىلدا ئومۇمەن قوللىنىلمايدىغان، ياكى خوتەن دىيالېكتىغىلا خاس سۆزلەردىن 1000 غا يېقىن سۆز بېرىلدى.

خوتەن دىيالېكتىنى يېزىشقا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىنتىلگەن بولساممۇ، كۈندىلىك خىزمەتلەردىن قول ئاجرىتالمىغانىدىم. كۈندىلىك خىزمەتلەردىن قول ئاجراتقىنىمدا، خوتەن دىيالېكتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەرنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى هېس قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ، خوتەن دىيالېكتىدەك مۇنداق بىر مۇهىم دىيالېكتنى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىلىرىغا، تۈركولوگلارغا چامىمنىڭ يېتىشىچە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

خوتەن دىيالېكتىدەك مۇنداق بىر مۇهىم دىيالېكتنى يېزىشتا ئۇنىڭ هەرقايسى شېۋىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىش لازىم ئىدى. لېكىن خوتەن دىيالېكتىنى تەشكىل قىلغان شېۋىلەرنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا پەرقلىق نۇقتىلىرىدىن كۆپ

بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئەسەردە خەلق نوپۇسى كۆپ بولغان، شۇنىڭدەك خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ھەممە جەھەتتىن مەركەز ھېسابلىنىدىغان ئېلچى، قارىقاش، لوپ ناھىيىلىرىدە قوللىنىلىدىغان ئېلچى- قارىقاش- لوپ شېۋىسى ئاساس قىلىنىپ، قالغان شېۋىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇشۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلدى. بەلكىم، مېنىڭ قوللانغان بۇ ئۇسۇلۇم توغرا بولماسلىقى مۇمكىن . كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ، خوتەن دىيالېكتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تىلچىلارنىڭ تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراشلىرىنى، تۈزىتىشلىرىنى ۋە تولۇقلاشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خوتەن دىيالېكتى ئۇزۇندىن بۇيان تۈركولوگلارنىڭ جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان بىر دىيالېكت . بۇ ئەسەرنىڭ ئاممىباب ئەمەسلىكى ۋە دۆلەت ئىچى ھەم سىرتىدىكى تۈركولوگلارنىڭ ئوخشاش پايدىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ بارلىق مىساللار خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن بېرىلدى، بۇ ھەقتە قالغان بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن.

# مۇندەرىجە

I كىرىش ........................................... 1
1. خوتەن دىيالېكتىغا ئومۇمىي بىر قاراش ........... 1
1) ئاتالمىش «ئابدال تىلى» ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ۋە ئۇلاردىكى كۆز قاراشلار ........................ 4
2) بۇ ئاھالىنى قانداق ئاتاش مەسىلىسى ........... 13
3) ئاتالمىش «ئابدال تىلى» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ «تىل» نى ئاتاش مەسىلىسى .............................. 15
4) خوتەن دىيالېكتىنىڭ «ئاق ھون» قاتلىمى ئۈستىدە مۇلاھىزە .................................................. 20
2. خوتەن دىيالېكتىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى .................................................. 28
3. خوتەن دىيالېكتىنىڭ مۇھىم پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلىرى .............................................. 32
4. خوتەن دىيالېكتىنىڭ شېۋىلەرگە بۆلۈنۈشى ...... 38
5. خوتەن دىيالېكتىغا ۋەكىل قىلىپ تاللانغان تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ تىزىملىكى ................................ 40
II خوتەن دىيالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ............................................................. 43
1. خوتەن دىيالېكتىدىكى فونېملار..................... 43
2. خوتەن دىيالېكتىدىكى [ɪ] تاۋۇشى ............... 44
1.2. خوتەن دىيالېكتىدىكى [ɑ]، [ɛ]، [o]، [ø]، [u]، [y] لەردىن كېيىن كەلگەن [ɪ] تاۋۇشىنىڭ

چۈشۈپ قېلىشى ........................................ 45
2 . 2 . [i] تاۋۇشىدىن كېيىنكى [ɽ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ
قالماسلىقى .................................................. 51
2 . 3 . ɽt ، ɽq ، ɽk قوش ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدىكى [ɽ]
نىڭ چۈشۈپ قېلىشى ........................................ 53
2 . 4 . سۆز ئوتتۇرىسىدا ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدى-
كەينىدە كەلگەن [ɽ] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى .................. 54
2 . 5 . سۆز بېشىدا كەلگەن [ɽ] نىڭ [j] بىلەن
نۆۋەتلىشىشى .................................................. 55
2 . 6 . سۆز ئوتتۇرىسىدىكى [ɽ]/[j] نۆۋەتلىشىشىنىڭ [i]
تاۋۇشىغا يانداش كېلىشىنى شەرت قىلىشى .................. 56
2 . 7 . ئاۋاز تەقلىدلىرىدىكى [ɽ] تاۋۇشى ........... 59
2 . 8 . [j]/[ɽ] نۆۋەتلىشىشىنىڭ
تاسادىپىيلىقى ............................................... 60
2 . 9 . خۇلاسە ................................................ 62
3 . خوتەن دىيالېكتىدىكى فونېتىكىلىق
ئۆزگىرىشلەر .................................................. 63
3 . 1 . سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ........ 63
3 . 1 . 1 . سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɑ]
تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى ...................................... 63
3 . 1 . 2 . سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى [ɑ]
تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى ...................................... 63
3 . 1 . 3 . سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ]
تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى ...................................... 64
3 . 1 . 4 . سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى [ɛ]

تاۋۇشنىڭ ئاجىزلىشىشى ........................................ 64
3. 1. 5. [ɛ] تاۋۇشىنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى
قوشۇمچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاجىزلىشىشى ........... 65
3. 1. 6. [ɑ] ، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆز
ئۇرغۇسىنى يوقاتمىغان ئەھۋالدا ئاجىزلاشماسلىقى ...... 65
3. 1. 7. [o] ، [ø] تاۋۇشلىرىنىڭ ئوچۇق
بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلىشىپ [ɷ] ، [Y] تاۋۇشلىرىغا
ئايلىنىش ئەھۋالى .................................... 66
3. 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ........... 67
[ɑ]/[u] ، [ɛ]/[y] ، [ɑ]/[o] ، [i]/[ɑ] ، [i]/[u] ،
[ɑ]/[ɛ] ، [u]/[i] ، [y] ، [u]/[y] ، [u]/[ɑ] ..................
3. 3. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ...... 72
3. 3. 1. [ɑ] ، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ
قېلىشى .............................................. 72
3. 3. 2. ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى
«-si» دىكى [i] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى ..................... 73
3. 4. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ......... 73
3. 4. 1. [o] ، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق
سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا α — o ، ε — ø شەكلىدە پەيدا
بولىدىغان ئاھاڭداشلىق ................................ 74
3. 4. 2. [u] ، [y] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق
سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا α — u//u — u ،
ε—y//y—y شەكلىدە پەيدا بولىدىغان ئاھاڭداشلىق. ...... 74
3. 4. 3. ئالدىنقى بوغۇمى [o] ، ئىككىنچى
بوغۇمى [ɑ] بىلەن تۈزۈلگەن ۋە ئالدىنقى بوغۇمى [ø] ، ئىككىنچى

بوغۇمى [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ [α]،
[ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ......... 75

3. 4. 4. ئالدىنقى بوغۇمى [u] ياكى [y] بىلەن، كېيىنكى بوغۇمى [α] ياكى [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىكى ئاھاڭداشلىق ......... 76

3. 4. 5. ھەر ئىككىلا بوغۇمى [u] ياكى [y] بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىكى ئاھاڭداشلىق ......... 77

3. 5. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ......... 77

3. 6. ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى ......... 78

3. 7. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ......... 78

3. 8. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ...... 89

3. 8. 1. [l] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ......... 89

3. 8. 2. [ɣ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ...... 90

3. 8. 3. [j] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ......... 90

3. 8. 4. [n] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ...... 91

3. 8. 5. [h] كەلگەن بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ......... 92

3. 8. 6. [ʃ] تاۋۇشى كەلگەن بوغۇمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ......... 92

3. 8. 7. [g] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ...... 93

3. 9. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ......... 93

3. 9. 1. [q]، [k]، [p] تاۋۇشلىرىنىڭ

ئاجىزلاشماسلىقى ................................ 93
3. 9. 2. بوغۇم ئاخىرىدىكى [q]، [tʃ] تاۋۇشلىرىنىڭ
ئاجىزلىششى ...................................... 93
3. 10. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى ......
...................................................... 94
3. 10. 1. ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ................. 94
3. 10. 2. تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ................. 94
3. 11. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ...
...................................................... 95
3. 12. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى ... 96
Ⅲ خوتەن دىيالېكتىنىڭ گراماتىكىلىق
(مورفولوگىيىلىك) ئالاھىدىلىكلىرى ..................... 97
1. ئىسىملار ........................................ 97
1. 1. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ........ 97
1. 2. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ........ 98
1. 3. ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ........ 104
2. سۈپەتلەر ...................................... 106
2. 1. كېمەيتمە دەرىجە ........................ 106
2. 2. ئەركىلەتمە دەرىجە ........................ 106
2. 3. ئاشۇرما دەرىجە ........................... 107
2. 3. 1. سۈپەتلەرنى تەكرارلاش يولى بىلەن
ياسالغانلار ........................................ 107
2. 3. 2. چىقىش كېلىش ۋاسىتىسى بىلەن ياسالغانلار
...................................................... 108
2. 3. 3. رەۋىشلەر ۋاسىتىسى بىلەن ياسالغانلار......
...................................................... 108

3. سانلار ........................................ 109
3. 1. دەرىجە سانلار .............................. 109
3. 2. ئۆملۈك سانلار .............................. 110
4. ئالماشلار ...................................... 110
4. 1. شەخس ئالماشلىرى ........................... 110
4. 2. كۆرسىتىش ئالماشلىرى ....................... 111
4. 3. سوراق ئالماشلىرى ........................... 113
5. رەۋىشلەر ...................................... 114
6. پېئىللار ....................................... 116
6. 1. پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى ............... 116
6. 1. 1. ئىمكانىيەت تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ... 116
6. 1. 2. باشلانما تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ...
........................................................ 117
6. 1. 3. چەكلىمىسىز تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ......
........................................................ 117
6. 1. 4. تاماملانما تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ...... 118
6. 2. پېئىل دەرىجىلىرى ........................... 118
6. 2. 1. ئۆملۈك دەرىجە ، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجھۇل
دەرىجە قوشۇمچىلىرى .............................. 119
6. 2. 2. مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى ...... 119
6. 2. 3. [tʃ]، [ʃ] بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللار ۋە tʃiq-
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى ............. 121
6. 3. پېئىللارنىڭ رايلىرى ......................... 122
6. 3. 1. بۇيرۇق - تەلەپ رايى ................ 122
6. 3. 2. پەرەز - قارشىلىق رايى .............. 129

6 .3 .3 . زۆرۇرىيەت رايى ........................ 130
6 .3 .4 . بايان رايى ................................ 131
A . ئۆتكەن زامان پېئىللىرى ........................ 131
B هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان پېئىللىرى ............ 145
C. tʃeɣiwā(τ) بىرىكمىسى توغرىسىدا ............... 155
7 . ئىسىمداشلار ................................... 157
8 . سۈپەتداشلار .................................. 158
8 .1 . پۈتكەن سۈپەتداشلار ........................ 158
8 .2 . پۈتمىگەن سۈپەتداشلار ...................... 161
9 . رەۋىشداشلار ................................. 164
9 .1 . « P » رەۋىشداش .............................. 164
9 .2 . «-j//-ε، -α» بىلەن ياسىلىدىغان رەۋىشداش ...... 165
10 . ياردەمچى سۆزلەر ............................ 166
11 . سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ................... 171
11 .1 . -lyk، -luq//-lik، -liq قوشۇمچىسى .......... 171
11 .2 . -lyg، -luɣ//-lig، -liɣ قوشۇمچىسى .......... 171
11 .3 . -tεj، -dεj//-tεg، -dεg قوشۇمچىسى ....... 172
11 .4 . -sijε، - siτε//-sijα، -siτα قوشۇمچىسى ... 173
11 .5 . -siτi//-siji قوشۇمچىسى ..................... 173
11 .6 . -εŋgy، -aŋɣu//-ngy، -ŋɣu قوشۇمچىسى .......
173 ...................................................
Ⅳ خوتەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈلگىلەر ...... 176
1 . خەلق قوشاقلىرى ................................ 176
2 . خەلق چۆچەكلىرى ............................. 220

3. تىل ئۆمەنلەش (تىل كۆندۈرۈش) ......................... 272
4. ماقال - تەمسىللەر ......................... 274
5. تېپىشماقلار ......................... 278
6. لاپ ......................... 280
7. خوتەن ئېلچىدىن خاتىرىلەنگەن جۈملىلەر ...... 281
V خوتەن دىيالېكتىنىڭ ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق
سۆزلىرى ......................... 287
VI قوشۇمچىلار ......................... 348
1. ئەسەردە كۆرۈلگەن يەر - جاي ناملىرى ........ 348
2. قىسقارتىلمىلار ......................... 351
3. قوللىنىلغان خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ
ئىزاھى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر بىلەن
سېلىشتۇرمىسى ......................... 352
4. پايدىلىنىلغان ئەسەرلەر ......................... 355

# I كىرىش

## 1 . خوتەن دىيالېكتىغا ئومۇمىي بىر قاراش

تەكلىماكان چۆللۈكىنى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ تارىختا بىر قانچە خىل دىن ۋە بىر قانچە خىل مەدەنىيەتنىڭ، جۈملىدىن بىر قانچە خىل تىل ۋە ھەر خىل سىستېمىدىكى يېزىقلارنىڭ ئۆچرىشىپ ئارىلىشىش نۇقتىلىرى بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مۇنداق ئارىلىششلارنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە خاس بولغان بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى يوقىتىش ۋە مەغلۇب بولغان تىللارنىڭ بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ھېسابىغا باشقا تىللار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. يېزىق جەھەتتىن ئالغاندا، ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ھازىرقى زاماندا قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەشتىكى يېتىشسىزلىكىنى تەدرىجىي تولۇقلاپ، باشقا يېزىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى نوقۇل دىنىي مەزمۇندىكى يېزىق تىللىرىلا بولماستىن، بەلكى كۆپىنچە بۇ جايلاردىكى بىر قىسىم ئولتۇراق ئاھالە قوللانغان تىللار بولۇپ، ئالىملار بۇ جايلاردىن تېپىلغان يېزىق يادىكارلىقلىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، بۇ تىللارنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان، سوغد، توخرى (توخار) ۋە ساق تىللىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان.

بۇ تىللار ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا ساھەسىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدىمۇ بەزى ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئىنچىكىلەپ كۆزىتىلسە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىدە مۇنداق ئارىلىششلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى تەسىرلىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

خوتەن بوستانلىقلىرى مانا شۇنداق ئارىلىشىش قاتلامىمۇ قاتلام بولغان جايلارنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن دىيالېكتىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئارىلىششلارنىڭ ئىزلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خوتەن رايونىدا قارۇشتى يېزىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىر قەدىمكى تىلنى گېرمانىيىلىك ئالىم لودېرس ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ «ساق» (ساك) تىلى دەپ ئاتىغان ۋە بۇنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن مېي سۇن ئەپەندى ساقلارنىڭ خوتەننى ئىدارە قىلغانلىقىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار يوق ، دەپ قاراپ ئۇنى «ئۇدۇن تىلى» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ①

يۇتيەنخېڭ ئەپەندى قەدىمكى ئۇدۇنلۇق (خوتەنلىك) لارنىڭ ئىران ئىرقىغا كىرىدىغانلىقىنى ۋە سوغد تىلىغا سىلىشتۇرغاندا ئۇلار قوللانغان تىلنىڭ (يېزىق يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا) ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى تېخىمۇ كۆزگە

---

① مېي سۇن: «قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1992 ـ يىل ، 2 ـ سان، 36 ـ 37 ـ بەتلەر.

كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.[1]

مەشھۇر بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان ساياھەت خاتىرىسىدە ئۆز دەۋرىدىكى خوتەندە قوللىنىلغان يېزىق توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ، ئەينى دەۋردىكى ساق (ساك) تىلىنى ئىپادىلىگەن يېزىقنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇن ئۇلار ھىند يېزىقىنى قەدىرلەيتتى. كېيىن (دۆلەت ئىچىدە) ئۆز يېزىقىنى قەدىرلەيدىغان بولغان. ئۆز يېزىقلىرىمۇ ھىند يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما ئازراق پەرقلىنىدۇ.[2]

خوتەن رايونىدا قوللىنىلغان ساق (ساك) تىلى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن دىيالېكتىغا تەسىر قىلغان باشقا تىل بولسۇن، بۇنىڭ بىز بىلەن ۋاقىت جەھەتتىكى ئارىلىقى بەك ئۇزۇن، شۇنىڭدەك بۇلارنىڭ خوتەن دىيالېكتىدا قېلىپ قالغان تەركىبلىرىمۇ ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا ئەسلى ھالىتىدىن جىق ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى تەبىئىي. بىز خوتەن دىيالېكتىنىڭ بەك ئاستىنقى قاتلىمى ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراش بىلەن بۇ ھەقتە ئارتۇق توختىلىشنى لازىم كۆرمىدۇق. لېكىن خوتەن دىيالېكتىدا ھازىر ئىپادىلىنىپ تۇرغان بەزى فونېتىكىلىق ھادىسە ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇزاق تارىختىكى ساق (ساك) تىلى ۋە باشقا تىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دېگەن قاراشتىمىز.

ھازىر خوتەن دىيالېكتى تەتقىقاتىدا بىز ئۈچۈن بەكرەك مۇھىم بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكت ۋە

---

① يۇتىيەنخېلىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە نەشرى) 94 ـ بەت، 1985 ـ يىل.

② ل. يو. تۇگۇشېۋا «شۈەنزاڭنىڭ ئۆمۈر تارىخى»، رۇسچە، 77 ـ 78 ـ بەتلەر، 1991 ـ يىل، موسكۋا.

شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بەزى ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىدىمۇ قوللىنىلمايدىغان ئاز ساندىكى ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنى ئالاقە ئېھتىياجىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئاھالە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

بۇ ئاھالە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسى تامئېغىل يېزىسىدا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاچۇن يېزىسىدا، چىرا ناھىيىسىنىڭ ئوقادى يېزىسىدا، خوتەن (ئېلچى) ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونى گازون يېزىسىنىڭ گىۋۇز (گېربوز) كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. بۇندىن باشقا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەيخلەر كەنتى (بۇ كەنت كۆسەي قىشلاق، شەيخلەر، شىللەن تېرىكى، دۆڭ چاقا دېگەن 4 مەھەللىدىن تەركىب تاپقان) دىمۇ مۇشۇ ئاھالە بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان. بۇلاردىن خوتەن ۋىلايىتى ئېلچى ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونى گازون يېزىسى، لوپ ناھىيىسى تامئېغىل يېزىسى ھەم قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەيخلەر كەنتىدىكىلىرى بىر قەدەر يىغىنچاق، قالغان جايدىكىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

80 - يىللاردىن بۇيان بۇ ئاھالىنىڭ نامى ۋە «تىلى» توغرىسىدا مۇنازىرىلەر داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. خوتەن دىيالېكتى ئۈستىدە توختىلىۋاتقىنىمىزدا بۇ مەسىلىگە قارىتا ئۆز كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

1) ئاتالمىش «ئابدال تىلى» ھەققىدە ئېلان قىلىنغان

ماقالىلار ۋە ئۆلاردىكى كۆز قاراشلار:

دەۋرىمىزدە بىر قىسىم تۈركولوگلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان بۇ ئاھالە ۋە ئۇلارنىڭ «تىلى» XI X ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ف. گرېنارد، گ. راكۋېتتى، پ. پېللىئوت قاتارلىق چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن بايقالغان ۋە بۇ ھەقتە ئۇلار بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئېلان قىلغانبولسىمۇ ، بىز 1956 — 1957 ـ يىلى خوتەن دىيالېكتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدۇق. شۇڭا ئۇ چاغدا خوتەن زىيالىيلىرى بۇ ئاھالە ۋە ئۇلارنىڭ «تىلى» توغرۇلۇق بىزنى بەزى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئويلاشمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بۇ «تىل»نى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى ئېلچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەت توشۇغۇچى خادىمى (ئىسمى ئۇنتۇلۇپتۇ، بۇ كىشى ئېلچى ناھىيىسى، ئاقتاش رايونى، گازون يېزىسى، گېۋۇز كەنتىدىن ئىدى) بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ كىشى ماڭا « bizniŋ ɛsli tilimiz pɑjsi-jɑ » دېگەنىدى . بىز كېيىن لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل يېزىسىغىمۇ بىر قانچە كىشىنى ئەۋەتىپ بۇ «تىل»نى بىر قۇر تەكشۈرۈپ باقتۇق. نەتىجىدە بىر قانچە يۈز (ئېسىمدە قېلىشىچە 300 دىن ئوشۇقراق) ئەرەبچە، پارىسچە سۆزدىن باشقا ئالاھىدىلىكى بولمىغاچقا، شۇنىڭدەك ئاساسي ۋەزىپىمىز خوتەن دىيالېكتىنى تەكشۈرۈش بولغاچقا، بۇ «تىل»غا ئارتۇق دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدۇق.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنى 1980 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن بۇ ئاھالە ۋە بۇ «تىل» توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ماقالىلار بىزدە ۋە

چەت ئەل مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن مۇھىملىرى:
هاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «شىنجاڭ ئەينولىرىنىڭ تىلى» «语言研究» ژۇرنىلى، 1982 - يىل، 1 - سان.
هاشىم تۇردى، جاۋشياڭرۇ: «ئەينو تىلى ۋە ئەينو تىلىدىكى سانلار». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1985 - يىل 1 - سان.
شېرىپجان قاسىم: «گېربوز ۋە تامئېغىل تىلى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە»، «ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خەۋەرلىرى» خوتەن، 1981 - يىل.
مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قەۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىل، 2 - سان.
ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 - يىل، 3 - سان.
بولۇپمۇ بۇلاردىن ئالدىنقى ئىككى ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەيلى مەملىكەت ئىچىدە، مەيلى چەت ئەللەردە بۇ «تىل» غا زور قىزىقىش پەيدا بولدى. نەتىجىدە 1994 - يىلى ۋېنادا Otto Ladstatter بىلەن Andreas Tietze ئىككىيلەن 1983 — 1986 - يىللىرىدىكى تىل تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «Die Abdal(aynu)in Xinjiang— شىنجاڭدىكى ئابداللار» دېگەن كىتابچىنى ئېلان قىلىشتى. 1997 - يىلى ياپونىيىدىن هاياشى تونورۇ باشچىلىقىدا ۋاڭ جيەنشىڭ ئەپەندى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىدىن تاھىرجان مۇھەممەت ۋە سابىت روزى قاتارلىق تەتقىقاتچىلار قەشقەر ۋە

خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن رايونلىرىدا مەخسۇس تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى.

بۇ ماقالە ۋە ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس مۇشۇ ئاھالىنىڭ تىلى ئۈستىدە توختالغان، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك توختالغان. تىلغا تېگىشلىك بولغانلىرىدا بۇ «تىل» نىڭقانداق ئاتاش (مەسىلەن، ئارىلاشما تىل، قوش تىللىق ھادىسە، بىر يېرىم تىللىق ھادىسە . . . ) ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلگەن. ھەتتا، بەزىلىرىدە بۇ ئاھالىنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھېسابقا ئالماي، «ئابدال ~ ئەينو» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە بىر جامائە ھېسابلاش، ئۇلار قوللىنىۋاتقان بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ياكى ئۆزىگە خاس ياسىۋالغان مەخپىي سۆز (ژارگون) لارنى بىر مىللىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ قاراش گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.①

مېنىڭ بۇ ئەسىرىمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن كېيىنكى يىللاردىكى بىر مۇھىم ئىشنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەي:

لېكىن، ياپونىيە ئالىملىرى بۇ مەسىلىدە ئىلمىي پوزىتسىيەدە بولۇشتى. ئۇلار 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان يىغىندا (بۇ يىغىنغا مەنمۇ قاتناشقانىدىم) ئاتالمىش «ئەينو تىلى» ياكى «ئابدال تىلى» دېگەن ئاتالغۇلارنى تىلغا ئالماي، «قەشقەر شەيخلەر كەنتى ئاھالىسىنىڭ قوللىنىدىغان سۆزلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى بەرگەندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان ياپونىيە ئالىملىرى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى

① O.L ۋە A.T، يۇقىرىقى ئەسەر، 1994، ۋېنا.

تەكتلەشتى.

ئەسلىدە بۇ مەسىلە ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن خوتەن دىيالېكتى ئۈستىدە توختىلىۋاتقىنىمىزدا كۆز يۇمۇپ كېتىشنى توغرا كۆرمىدۇق. چۈنكى، خوتەن دىيالېكتىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان شېۋىلەر توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا بۇ ئاھالىنىڭ ئاتالمىش «تىلى» ئۈستىدە بىر پوزىتسىيە بىلدۈرۈشىمىز كېرەك بولىدۇ.

بىز بۇ «تىل» نى ۋە ئۇنى قوللىنىۋاتقان ئاھالىنى قانداق ئاتاش توغرىسىدا ئۆز پىكرىمىزنى قويۇشتىن ئالدىن مۇشۇ ماقالىلاردا قوللىنىلغان «ئابدال» ياكى «ئەينو» ئاتالغۇسى راست مۇشۇ ئاھالىنىڭ تارىخىي (ھازىرقى ئەمەس) نامى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ، بەك چەكلىك دائىرىدە بولسىمۇ، ئۆزىمىز ئېرىشەلىگەن خەنزۇچە ۋە چەت ئەل مەنبەلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بېقىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

دۆۋەن لېيەنچىن ئەپەندى پ. سەيكىس (ئەنگلىيە) نىڭ «ئافغانىستان تارىخى» ۋە ۋ. مىككوۋېرن (ئامېرىكا) نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر» دېگەن ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ خەلقنىڭ ئەسلىدە بىر كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئىكەنلىكىنى، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر ئۇلارنى ئابدال ـ (ئېفتالىت) لار دەپ، جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر، 哌哒 خارەزىملىكلەر «滑» دەپ، پېرسىيلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر خايتال (Haytal) دەپ، شەرقىي رىملىقلار ئۇلارنىڭ ھونلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلتۇراقلىشىپ قان ۋە تىل جەھەتتىن شالغۇتلاشقانلىقىنى، شۇنىڭدەك تېرىسى ھەم پارقىراق ھەم ئاق بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئاق ھونلار» دەپ ئاتىغان بولۇشى

مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىدۇ.①

دۇەن لېيەنچىن ئەپەندى يۇقىرىدىكى نەقىلگە ئۇلاپلا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئېفتالىتلارنىڭ ئىرقى توغرىسىدا ‹لياڭنامە›، بەدەۋىيلەر ھەققىدە قىسسە› دە، ئۇلار قۇس (师车) لۇقلارنىڭ بىر قوۋمى دېيىلگەن؛ ‹ ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دە ئۇلار توخار (大月氏) لار بىلەن بىر ئۇرۇقتىن دېيىلگەن؛ شۇنىڭدەك قاڭقىل (高车) لارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقىدۇر، دەپمۇ كۆرسىتىلگەن. قىسقىسى، ھەر خىل قاراشلار بار بولۇپ، تالاش - تارتىشلار ئاز ئەمەس. بۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئېھتىمال ھون، توخار، دىڭلىڭ (غەربىي دىڭلىڭ)، قۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن» .②

«دۇنيا تارىخىي لۇغىتى»، دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

« 哌哒 (Epthalites ياكى Hephthalites) لار . . . ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستان رايونىدا دۆلەت قۇرغان، دەسلەپ « 滑 » دۆلىتى دېيىلەتتى. ئېفتالىتلار ئەسلىدە بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەت. ئادەتتە توخار (大月氏) لار بىلەن شالغۇتلاشقان ھونلار دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى ئېفتالىتو (厌带夷栗陁) بولغانلىقى ئۈچۈن «ئېفتالىت - 厌哒 » دەپ ئاتالغان، شەرقىي رىم تارىخچىلىرى ‹ئاق ھون› دەپ ئاتاشقان. ئۇلار ئەسلىدە ئالتاي تاغلىرىدا ياشىغان بولۇپ، مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ بېشىدا غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە

① دۇەن لېيەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۆرالار»، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسەر، I - توم، 480، 481 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996.

② دۇەن لېيەنچىن: يۇقىرىقى ئەسەر I - توم. 481 - بەت

ئافغانىستاننى ئىگىلىگەن . . . مىلادىيە 567 - يىلى تۈركلەر بىلەن ساسانىيلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا ئېفتالىتلار مۇنقەرز بولغان» ①

ئېفتالىتلار توغرىسىدا خەنزۇچە ئوكيانۇس ( 辞海 ) دە مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ:

«ئېفتالىت ( 嚈哒 ) غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى بىر دۆلەتنىڭ نامى. ئەسلىدە « 滑 » دۆلىتى دېيىلەتتى، بىر كۆچمەن چارۋىچى ئۇلۇس بولغان. ئادەتتە توخار ( 大月氏 ) لار بىلەن شالغۇتلاشقان ھونلار، دەپ قارىلىدۇ. شەرقىي رىم تارىخچىلىرى ئۇلارنى «ئاق ھون — 白匈奴» دەيدۇ . . . خەلقى چارۋىچىلىق، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . . . كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان، قەبىلىلىرى چېچىلىپ تاراپ كەتكەن» . ①

رېنې گىروسسې (Rene Grousset) مۇنداق دەيدۇ: «ھون ئېفتالىتلار بىر تۈركىي - موڭغۇل ئىرقىدىكى كۆچمەن مىللەت، ئېتنولوگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار تۈركىي ئەمەس، بەلكى موڭغۇل بولۇشى مۇمكىن» ③

ر . ن فرايې ( R.N.Fraye ) ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «. . . لېكىن، بىزنىڭ چياڭلار بىلەن ئېفتالىتلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا بولغان كەمبەغەللىكىمىز ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. كېيىنكى كۆچمەن چارۋىچى

① «世界历史词典» 485 - بەت، 上海辞书出版社، 1985.
② «辞海» 7406 - بەت، 上海辞书出版社 . 1979 .
③ Rene Grousset: «يايلاق ئىمپېرىيىسى» خەنزۇچە تەرجىمە، 88 - بەت، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 .

ئېمپېرىيەلەر بىلەن سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىز دەسلەپكى قەدەمدە بۇ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھۆكۈمران گۇرۇھ شەرقتىن ۋە شىمالدىن كەلگەن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ تەركىبىدە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، بار دەپ بىلەلىدۇق. گەرچە چىياڭلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېفتالىتلار ئىتتىپاقىدىكى كەڭ كۆپچىلىك ئاھالىنىڭ ئىران تىلىدا سۆزلەيدىغانلاردىن بولۇش ئېھتىمالى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، خۇددى ئادەتتىكىدەك كۆچمەن چارۋىچىلار ئولتۇراق ئاھالىنىڭ تىل يېزىقىنى، تۈزۈمىنى ھەم مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ر. گوبلىنىڭ ئۇلارنى ‹ئىران ھونلىرى› دەپ ئاتىغىنى ھەرگىز نامۇۋاپىق بولمىغان. چۈنكى، چىياڭلار ۋە ئېفتالىتلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئىرانلىقلار ئىكەنلىكى ئېنىق». ①

ئا. ۋ. گابايىن خانىم ئېفتالىتلارنى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان مىللەتلەر قاتارىدا سانايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

«ئو. ھانسېن ئۇلارنىڭ تىلى ئوتتۇرا ئىران تىلى، دەپ پەرەز قىلغانىدى، ئۇ مۇشۇ پەرىزى بويىچە ئېفتالىتلارغا دائىر يادىكارلىقلارنى يېشىپ ئوقۇغان ۋە چۈشەندۈرگەنىدى (بۇ يەردە ئو. ھانسېننىڭ 1951 - يىلى نەشر قىلغان «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئېفتالىت فراگمېنتلىرى — پارچە ھۆججەتلەر» دېگەن ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلغان). بۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلارنىڭ ئورتا ئىران ئوردا تىلىنى قوللانغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىل ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا قوللانغان

---

① ر. ن. فرايى: «بۈيۈك ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت ئارىلىشىشى»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1990 - يىل، 1 - سان، 245 - بەت.

تىلىمىدى؟ ياكى ئۇلار ئالتاي تىللىرىنى قوللانغانمىدى؟ دېگەن مەسىلىلەر يەنىلا يېشىلمىگەندى. بىزنىڭ قوچۇ تەتقىقاتىدا قىزىقىدىغىنىمىز ئېفتالىتلارنىڭ تارىم رايونىدا ئوينىغان رولى». ①

تۈركچە ئوكيانۇس (ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت) تە «ئابدال» سۆزىنىڭ 1 - مەنىسى «ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى ئاق تەلە (ۋىزانتىيە مەنبەلىرىگە ئاساسەن ئېفتالىت) دېيىلىدىغان بىر تۈركىي قەبىلىنىڭ ئېتى ۋە مۇشۇ قەبىلىگە كىرىدىغان كىشىلەر» دەپ بېرىلگەن. ②

ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ ئېفتالىتلارنى تونۇشتۇرۇشىدا مۇنداق بايانلار بېرىلگەن:

«... گەرچە ئېفتالىتلارنىڭ تەركىپ تاپقان جايى قەتئىي ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۈركىي ئېتنىك ئېلېمېنتلار ئارىلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيالىق قەبىلىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى مەلۇم» ③

بۇ بايانلار ئېفتالىتلار توغرىسىدا بىزنى تۆۋەندىكى چۈشەنچىلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ:

بىرىنچى: «ئابدال» سۆزى «ئېفتال، ئېفتالىت» سۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ياكى شۇنداق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان .

ئىككىنچى: ئېفتالىتلار ئۆز دەۋرىدە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان، جۈملىدىن خەنزۇچىدا « 哌哒 » دەپ، شەرقىي

---

① ئا. ۋ. گابايىن: « قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، خەنزۇچە تەرجىمە، 9 - بەت، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 1989.

② تۈركچە «ئوكيانۇس» (ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت) ، 1 - توم، 2 - بەت، 1983، ئىستانبۇل.

③ «ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، 13 - توم، 325 - بەت، 1979، تاشكەنت.

رىمىلىقلار «ئاق ھون» دەپ ئاتىغان. «ئەينو» ئاتالغۇسى بولسا، جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر ۋە خارەزىملىكلەرنىڭ «滑» دەپ ئاتىلىشىدىنمۇ ياكى ئاتىشىدىن كەلگەن.

ئۈچىنچى: ئېفتالىتلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى تۇخارلار(大月氏)، ھون، غەربىي دىڭلىڭ، رقۇس (غۇز) قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ئۇلار قوللانغان تىل مۇتلەق كۆپ ئېھتىمال بىلەن ئېيتقاندا تۈركىي تىل.

تۆتىنچى: ئېفتالىتلار مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرق ۋە شىمال (ئالتاي تاغلىرى) دىن غەربكە — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىغا كۆچكەن ۋە ئۇ يەردە ئېفتالىتلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. مىلادىيە 567 ـ يىلى تۈركلەر بىلەن ساسانىيلارنىڭ ئىككى ياقتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە مۇنقەرز بولغان.

بەشىنچى: ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق مىرەن يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى «ئابدال» دېگەن جاي نامى (ھازىر ۋەيران بولغان) بىر بولسا، ئۇلارنىڭ تارىم ۋادىسىدا ئەسلىدە ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن، بىر بولسا، ئېفتالىتلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرققە قارىتا كېڭىيىپ ھەتتا خوتەنلەرنىمۇ ئىدارە قىلغانلىقىدىن قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىمىزنى بايان قىلايلى:

2) بۇ ئاھالىنى قانداق ئاتاش مەسىلىسى

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزگە قارىغاندا، «ئابدال» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە بۇ ئاھالىنىڭ تارىخىي نامى بولۇپ، سىمانتىكىلىق

نۇقتىدىن ئالغاندا ھېچقانداق سەلبىي مەنىسى يوق ئىدى. كېيىنچە ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ (ھەممىسىنىڭ ئەمەس) مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر ئارقىسىدا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر، ئۆزگىچىلىكلەر (مەسىلەن، خەتنىچىلىك، تىلەمچىلىك، پالچىلىق ... قاتارلىقلار) «ئابدال» دېگەن بۇ سۆزگە سەلبىي مەنە يۈكلەپ قويغان. شۇڭا يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۇركچە «ئوكيانۇس» تا «ئابدال» سۆزىنىڭ ئىككىنچى مەنىسى مۇشۇ مەزمۇندا بېرىلگەن (بىز بۇنى نەقىل تەرىقىسىدە كۆرسەتمىدۇق).

يۇقىرىدىكى بايانلار بۇلارنىڭ ئەسلىدە بىر تۈركىي تىللىق خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە تارىختا تۈركىي تىللىق بولمىغان، تۈركىي تىللىق بولغان قەبىلىلەردىن سىڭىپ كەتكەنلىرى ئاز ئەمەس. جۈملىدىن بۇ مەسىلىدە ئېفتالىتلارنىڭمۇ مەلۇم ئۈلۈشى بار، دېيىشكە تامامەن مۇمكىنچىلىك بار. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئاھالىنىڭ ئېتنىك ئاڭ جەھەتتە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئايرىماي «ئۇيغۇر» دەپ ھېسابلاۋاتقانلىقىغا ھېچقانداق ئىككىلەنمەي ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي مەنە دائىرىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن تارىخىي نامنى زورمۇ زور تېڭىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقسىزلىكى توغرىسىدا ئابلەت ئابباسنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«شەيخلەر چىراي - قىياپەت، تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ — ئادەت، قائىدە - يوسۇن ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ قالماستىن، ئۆي - ئىمارەت

ۋە ئۇنى تۈزەش، بېزەش، كىيىنىش ـ تارىنىش، زىبۇ زىننەت، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەنمەيدۇ» .[①]

3) ئاتالمىش «ئابدال تىلى» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ «تىل» نى ئاتاش مەسىلىسى

فونېتىكىلىق جەھەتتە:

بۇ «تىل» دا سەككىز سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى ۋە 22 ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى بار، بۇ فونېمىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېمىلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش. بۇ «تىل» دا پارس تىلىدا يوق [ø] ، [y] فونېمىلىرىنىڭ بولغانلىقى، پارس تىلىدا بار [f] ۋە [ʑ] فونېمىلىرىنىڭ بۇ «تىل» دا يوقلۇقى، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى [a] ، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ بۇ «تىل» دا خۇددى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دىيالېكتلىرىدىكىدەك ئاجىزلىشىپ [e] غا ئايلىنىدىغانلىقى (ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللاردا، جۈملىدىن ھازىرقى زامان پارس تىلىدا ئاجىزلاشمايدۇ) بۇ «تىل» نىڭ مۇھىم فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

گراماتىكىلىق جەھەتتە:

ئىسىملاردا سان، شەخس، كېلىش كاتېگورىيىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش.

سۈپەتلەردە سېلىشتۇرۇش قوشۇمچىسى ئۈچۈن «-rɛk//-raq» ، كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى ئۈچۈن «-ɤina ، -ginɛ//-qina ، -kinɛ» قوللىنىلىدۇ. سانلاردا دەرىجە سان ئۈچۈن «-dzi» قوللىنىلىدۇ. ئۇندىن

① ئابلەت ئابباس: يۇقىرىقى ماقالە، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997، 3 ـ سان، 77 ـ بەت.

كېيىنكى ساناق سانلار پارس تىلىدىكىدەك ئەمەس، بەلكى چوڭ سان ئالدىدا، كىچىك سان كەينىدە كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ساناق سانلاردىن كېيىن «-tʃɛ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. كەسىر سانلار ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-tin//-din» نىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ.

ئالماشلاردىن «hɛτ، hetʃ، an» لاردىن باشقا ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ (دىققەت: ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياگرۇ ئەپەندىلەر «mɛn، u» ئالماشلىرىنى پارسچە ئالماشلار، دەپ قارىغان. بۇ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە).

پېئىللارنىڭ دەرىجىلىرى، رايلىرى، تۈسلىرى ، زامان، شەخس، بولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرى، سۈپەتداشلار، رەۋىشداشلار، ئىسىمداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە تامامەن ئوخشاش.

ياردەمچى سۆزلەردىن kejin، ytʃyn، teximu، qetim، -mu (ئۇلانما) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا پېئىل ياسىغۇچى «-lɛ//-la، -lɛʃ//-laʃ قوشۇمچىلىرى، bol-، qil- ياردەمچى پېئىللىرى تۇرغۇن سۆزلەردىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى «-liq، -luq//-lik، -lyk» قوشۇمچىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك كەڭ قوللىنىلىدۇ.

جۈملە قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك. ئالايلى، بۇ «تهل» دا پارس تىلى ئۈچۈن گەۋدىلىك بىر

ئالاھىدىلىك بولغان ئىزافەت قۇرۇلمىسى قوللىنىلماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئىگىلىك كېلىش ياردىمى بىلەن ئېنىقلىغۇچى + ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ «تىل» نىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىدە باشقا ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بىر قانچە يۈز ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ بولغانلىقىدىلا. ھاشىم تۇردى ۋە جاۋشياگرۇ ئەپەندىلەر كۆرسەتكەن B گۇرۇپپىدىكى سۆزلەرنى بۇ «تىل» نىڭلا لېكسىكىسىغا خاس دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى بۇ B گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر ھەممە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئورتاق.①

«ئارىلاشما تىل» لىق ھادىسىگە كەلسەك، «ئارىلاشما تىل» بولۇش ئۈچۈن يالغۇز ئىككى تىل لېكسىكىسىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى بىلەن گرامماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭمۇ ئارىلاش قوللىنىلىدىغان بولۇشى لازىم. لېكىن يۇقىرىقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ «تىل» دا ئۇنداق ئارىلاشمىلىق يوق.

«قوش تىللىق ھادىسە» مەسىلىسىگە كەلسەك، قوش تىللىق بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ھەر ئىككى خىل تىلنى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى — فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا بويىچە تولۇق، تەڭ قوللىنالايدىغان بولۇشى كېرەك. لېكىن، بۇ «تىل» دا پارس تىلىغا خاس بولغان بىر قانچە يۈزلىگەن سۆز خۇددى ژارگون ياكى كەسپىي ئاتالغۇلارغا ئوخشاش تار دائىرىدىلا قوللىنىلىدۇ، پارس تىلىنىڭ فونېتىكا

---

① بۇ B گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر توغرىسىدا ھاشىم تۇردى ۋە جاۋشياگرۇ ئەپەندىلەرنىڭ «شىنجاڭ ئەينۇلىرىنىڭ تىلى» (خەنزۇچە) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «تىل تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1982 - يىل، 1 - سان، 264، 266 - بەتلەر.

ۋە گرامماتىكا قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنمايدۇ.

«بىر يېرىم تىل » دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، تىلشۇناسلىقتا تېخى مۇنداق ئاتالغۇنىڭ نېمىگە قارىتىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. بەلكىم يۇقىرىدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ شۇنداق دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

لېكسىكا تىلدا پەقەت بىر قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇ تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. لېكسىكا (يەنى تىلدىكى نەچچە ئونمىڭلىغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى) گرامماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا (يەنى مەلۇم گرامماتىكىلىق قائىدىلەر ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەندىلا) ئاندىن ئىجتىمائىي ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەلۇم بىر ئاھالىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى «تىل» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ قاراش، «تىل» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق ئەمەس.

شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەيلى، ھاشىم تۇردى ۋە جاۋشياگرۇ ئەپەندىلەرنىڭ تەكشۈرۈشى بويىچە بۇ ئاھالە دائىم دېگۇدەك قوللىنىدىغان بىر نەچچە يۈز ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەر ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان «تراكتور» —zemin dɛxlɛjdiɤan tʃiz» قاتارلىق سۆزلەرنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئالاقىلىششقا يېتىدۇ، ھەرقانداق ئابستراكىت ۋە مۇرەككەپ چۈشەنچىلەرنى ئىپادە قىلىشقا يېتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. مۇنداق سۆزلەر ھەتتا مىڭ ئەتراپىدا بولغاندىمۇ ئائىلىدىكى ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقىشقىمۇ كەملىك قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ھاشىم تۇردى ۋە جاۋشياگرۇ ئەپەندىلەر بۇ «تىل» نىڭ ئۆز لېكسىكىسىنىڭ ئەسلىدە باي ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ «ئەينۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى

سەۋەبىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى بىلەن. . . بۇ تىلدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئەسلى ئۆزىدە بار سۆزلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن» دەيدۇ، ① لېكىن شۇنچە باي لېكسىكىغا ئىگە بىر «تىل» نىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىرەر مۇھىم فونېتىكىلىق ياكى گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالمىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەيدۇ.

بۇ «تىل» نىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدا يەنە شۇ نۇقتىنى قوشۇمچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ تەكشۈرۈشلەردە بۇ ئاھالىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلانغان مۇشۇ بىر نەچچە يۈز سۆزنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى، شارائىتى، ئۇنۇملۇك ياكى ئۇنۇمسىزلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىلمىگەن، يەنى ئۇلار ئۆزئارا ئائىلىدە نوقۇل ھالدا مۇشۇ سۆزلەرنىلا قوللىنامدۇ، ياكى بۇ سۆزلەرنى شۇ مەنىدىكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى بىلەن تەڭ قوللىنامدۇ؟ شۇنىڭدەك بىرەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلاردىن ئېھتىيات تەرىقىسىدە قوللىنامدۇ؟ ياكى ھەرقانداق شارائىتتا قوللىنامدۇ؟ قوللىنىلىش ئۈنۈمى، يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۈنۈمى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر روشەنلەشتۈرۈلمىگەن.

بۇ «تىل»نى قانداق ئاتاش، ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خوتەن دىيالېكتى ئۈچۈنمۇ، شۇنىڭدەك بۇ «تىل»نى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھەقدارلار ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

بىزچە بۇ «تىل» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جەنۇبىي

① ھاشىم تۇردى، جاۋشياڭرۇ «ئەينۇتىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1985- يىل، 1- سان، 123- بەت.

دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ (خوتەن دىيالېكتى بىلەن قەشقەر شېۋىسىنىڭ) «ئاق هون قاتلىمى» دەپ ئاتىغان مۇۋاپىق. مۇنداق ئاتاش بۇ ئاھالىنىڭ ئېتنىك ئاڭ جەھەتتىن «ئابدال»، «ئەينۇ» دېگەن سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان ناملارنى قوبۇل قىلماي، ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاۋاتقانلىقىغا، تىل جەھەتتىن شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) لىقلارنىڭ ئاتىغىنىدەك تارىختىكى «ئاق هون» لار قوللانغان تىل (يەنى فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسى تۈركىي، لېكسىكىسىدا ئەرەبچە ـ پارسچە ئارىلاشقان تىل) نىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

4) خوتەن دىيالېكتىنىڭ «ئاق هون» قاتلىمى ئۈستىدە مۇلاھىزە

ئەمدى خوتەن دىيالېكتىنىڭ بۇ «ئاق هون» قاتلىمىنىڭ قاچان، قانداق يوللار بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ قاتلىمى بولۇپ قالغانلىقى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

يۇقىرىدىكى نەقىللەر بويىچە ئېفتالىتلارنىڭ شەرق ۋە شىمالدىن غەربكە كۆچكەنلىكى ئۇلارنىڭ 5 ـ ئەسىردە سوغدىيانا (康居)، پارتخىيە —parthia (安息)، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەنلىكى، مىلادىيە 567 ـ يىلى مۇنقەرز بولۇپ، قەبىلىلىرى چېچىلىپ كەتكەنلىكى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىلچى، لوپ، كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدە، قەشقەر پايناپتىكى «شەيخلەر كەنتى» دە ئولتۇراقلاشقان بۇ ئاھالىنىڭ ئۆزلىرى توغرۇلۇق ئېيتقان رىۋايەتلەر ئەمەلىيەتتىن بىر قەدەر يىراق. ئۇلارنىڭ بۇ جايلاردا

ئولتۇراقلىشىشى توغرىسىدا تېخى ئېنىق بىر نەرسە دېيىش تەس. تارىختىكى ئاق ھونلارنىڭ بۇ جايلارنى ئىشغال قىلغان ۋە بۇ جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى VI ئەسىردىن بۇياققا ئۆتمەيدۇ. ناۋادا، بىز بۇ ئاھالىنى ئاق ھونلارنىڭ غەربكە كۆچمەي مۇشۇ ئورۇنلاردا قېلىپ قالغانلىرى، دەپ پەرەز قىلغىنىمىزدىمۇ، ئۇلارنىڭ VI ئەسىردىن بۇيانقى 14 ئەسىرلىك ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا تىل جەھەتتىن ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ كېتىدىغانلىقىغا گۇمان قىلىشنىڭ ئورنى قالمايدۇ. چۈنكى، تارىختا مۇنداق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن ئۇيغۇرلارغا، تىلى ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىشىپ كەتكەن ئەھۋاللار كۆپ ئەمەسمۇ؟

X ئەسىرگە ئائىت سەئىد بەتتالى غازىغا چېتىشلىق رىۋايەتلەر (بۇ مەلۇمات ئابلەت ئابباسىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە بېرىلگەن) گە كەلسەك، بۇ رىۋايەتلەرمۇ تېخى پاكىت بىلەن ئىسپاتلانغىنى يوق. ناۋادا قەشقەر پايناپتىكى شەيخلەر كەنتىدە، شۇنىڭدەك خوتەن ۋىلايىتىدە ئامبېغىل ۋە گازۇن گېۋوزدا ئۇلار X ئەسىردىن ئېتىبارەن تەدرىجىي ئولتۇراقلاشقان دېگەندىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 ئەسىر داۋامىدا يۇقىرىقى ئۈچ ئاساسىي نۇقتىدا (شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ باشقا ناھىيىلەرگە تارقىلىپ كەتكەنلىرىنى قوشقاندا) ئاران تۆت - بەش مىڭ نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكى (ئۇلارنىڭ بىر قىسىم نوپۇس سانى توغرىسىدا ئابلەت ئابباسىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قاراڭ) نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن قارىغاندا بەك ئازلىق قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇنچىلىك ئاز نوپۇسقا ئىگە خەلقنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ قورشاۋىدا تۇرغان 10 ئەسىر

داۋامىدا تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.
تىلنىڭ لېكسىكا قىسمىدىكى ئۆزگىرىشىنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملىرىغا قارىغاندا تېز بولىدىغانلىقى (مەيلى Ⅵ ئەسىردىكى ئاق هونلار بولسۇن، مەيلى رىۋايەتتىكى سەئىد بەتتال غازى بىلەن چېتىشلىق بولغان X ئەسىردىكى كىشىلەر بولسۇن) ئاز ساندىكى جامائەنىڭ مۇنداق ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە ئۆز تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبلىرىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قالالىشى هەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
مۇنداق ئەھۋالنىڭ ئەمەلىي مىسالى سۈپىتىدە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدىي» دىكى بايانى[①] بويىچە قەشقەر ۋە تۇرپان ئەتراپىدا قالغان 30 مىڭ موغۇلنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى يەنى پەقەت 300 يىلدىن ئوشۇقراق بىر جەريان ئىچىدە ئۇلارنىڭ شېۋىسىدە لېكسىكىلىق تەركىبلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ، شىمالدىكى شېۋىلەرگە خاس بولغان ئازغىنە فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ قېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىش كۇپايە.[②]
ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ ئاق هون قاتلىمىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭ تۈركىي، لېكسىكىلىق تەركىبىدە قىسمەن ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشى يۇقىرىدا دۇەن لىيەنچىن ۋە ر. ن. فرايې . . . قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان نەقىللەردىكى بايانلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.
ئالايلى، بۇ «تىل» دىكى «daɣa — چەت، ياقا»، «daɣaɣin —

---

① مىرزامۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدىي»، خەنزۇچە تەرجىمە، 1 - توم، 376 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985.
② مىرسۇلتان ئوسمانوف: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، 132 - 145 - بەتلەر، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 .

ياقا يۇرتلۇق، چەت يۇرتلۇق» ① دېگەن سۆزدە ئالتاي تىللىرىغا (جۈملىدىن تۈركىي تىللارغا) خاس بولغان i~j/d نۆۋەتلىشىشىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىمۇ بۇ تىلنىڭ ئەسلى تۈركىي، كېيىن ئىران تىللىرىدىن بىر قىسىم لېكسىكا تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جەنۇبىي دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىدە «چەت» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ياقا» سۆزى، «چەت يۇرتلۇق» بىرىكمىسىنىڭ ئورنىغا «ياقا يۇرتلۇق» بىرىكمىسى قوللىنىلىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، بىز بۇ تىل قاتلىمىنىڭ ساپ پارسىي ياكى سامانىي تاجىكلىرى قاتلىمى ئەمەسلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرەلەيمىز. بۇ قاتلام ر. ن. فرايى ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئاق هونلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بۇ كېيىنكى ئولتۇراق جايلىرىدا ئىران تىللىرى ۋە دىيالېكتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ۋە يېقىنقى ئەسىرلەردە بۇ ئاھالىنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر ئارقىسىدا قەشقەر ۋە خوتەنلەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئاق هونلار پەقەت مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر ئارقىسىدىلا ئۆز تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا مۇشۇنداق ئارىلاشما ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىگە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ VI ئەسىردىن كېيىنكى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا بەزى

① بۇ سۆزنى O.L ۋە A.T ئەپەندىلەر «بىزنى نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سورىغان بولسا كېرەك، ئۇلار «daɣaɣin — ياقا يۇرتلۇق، دەيمىز» دېسە، «ھە، ياۋروپالىق، دېدى» دەپ خاتا چۈشەنگەن ۋە «daɣaɣin» نى «ياۋروپالىق» دەپ خاتا ئىزاھ بەرگەن. O.L ۋە A.T، مەزكۇر ئەسەر، 93 ـ بەت.

ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشى (مەسىلەن، بەزىلىرىنىڭ ئادەتتىكى نورمال دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا - سېتىق، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن مەھرۇم بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيىسىدىن بىر قەدەر تۆۋەنرەك بولغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا يۈزلىنىشى) ئۇلارنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان قورۇنۇش ھالىتىدە تۇرۇپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جەنۇبىي دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ بۇ قاتلىمى ئەڭ ئۇستۇنكى، تارىخى ئۇزۇن بولمىغان بىر يېڭى قاتلام بولۇپ، ئۇنىڭ خوتەن دىيالېكتىغا ۋە قەشقەر شېۋىسىگە تەسىرى بار، دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن ئىزلەش مۇمكىن.

بىرىنچى: بۇ ئاھالىنىڭ ھازىرقى ئولتۇرۇشلۇق جايلىرى ئومۇمەن شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ كۆجۈم رايونلىرى ئەمەس، بەلكى شەھەر ياكى ناھىيىلەرنىڭ بىر قەدەر چەت رايونلىرى، سۈغا ئاياغ رايونلار، نوپۇس سانىمۇ ئاز.

بۇ ئەھۋال بىزگە بۇلارنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىش تارىخىنىڭ بەك ئۇزۇن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 1911 — يىلدىن ئېتىبارەن ھەر قېتىملىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا نوپۇسقا دائىر مەخسۇس ئېلىپ بارغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرى① ئىچىدە مەلۇم مەنىدە مۇشۇ ئاھالىنىمۇ بار دەپ ھېسابلىغىلى بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بۇ ئاھالە كەم دېگەندىمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئافغانىستان، پاكىستان،

① «新疆通志外事志» 141 -، 142 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1955.

كەشمىر، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىدىن مەلۇم سەۋەبلەر ئارقىسىدا تۇرمۇش يولى ئىزلەپ كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولىدۇ.

19 - ئەسىردە بۇ رايونلار نوپۇسىدا مەلۇم دەرىجىدىكى ئېتنىك ئارىلاشمىلىقنىڭ بار ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بەزى باياناتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتسەك، ئارتۇق بولماس. مەسىلەن:

مەشھۇر قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىقانوف ئۆزىنىڭ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ شۇ دەۋردىكى ئېتنىك ئەھۋالىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، ئالتە شەھەر تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئاسىيالىق مۇھاجىرلارنى — بۇخارا، بەدەخشان، كەشمىر ئاھالىلىرى، كابۇللۇق ئاۋغانلار قاتارلىقلارنى، جۈملىدىن چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئاياللار ئارىسىدىن تۇغۇلغانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.①

مۇھەممەد ئاتىفنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «قەشقەر قىتئەسى ئاھالىسى» دېگەن قىسمىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «... بۇلاردىن باشقا تۈركىستان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستاندىن يەنە خېلى كۆپ ئادەم بۇ رايونغا كېلىپ يەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ۋە شۇ جاينىڭ ئاھالىسى ھېسابلىنىپ كەتكەن».②

دېمەك ئۇلار بۇ جايلاردا ئاز بولغاندىمۇ ئالتە، يەتتە ئەۋلادتىن بۇيان ياشاپ كەلگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى كەلگەن جايلىرىنى

① «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 2001 - يىل 2 - سان، 45 -، 46 - بەتلەر.
② مۇھەممەد ئاتىف: «قەشقەر تارىخى»، يوقىرىدىكى ماۋزۇ، ئىستانبول، 1998.

ئۇنۇتقان بولۇشى، ئۆزلىرىنى مۇشۇ يەرلىك ھېسابلىشى تەبىئىي.
1917 - يىلى پ. پېللىئوتنىڭ قەشقەر پايناپتا بۇ كىشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرگە دىققەت قىلغان ۋاقتى ئۇلارنىڭ ئالىقاچان بۇ جايلارغا يەرلىك بولۇپ كەتكەن ۋاقتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.
ئىككىنچى: ئۆز لېكسىكىلىق تەركىبى ئۆزىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىدىن تامامەن چىقالايدىغان ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئۇلاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئېھتىياجى بولمىغان. شۇڭا بۇ ئاھالىگە يانداش بولغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۇلارنىڭ «sɛptʃi ~ doŋgaj — قوغۇن» ، «haphap — تاۋۇز» ، «ʃilwɛ~tʃilbɛ — چاي» ، «hasa — نەشپۈت» ، «buq — كەپتەر» «ɣujaŋ — يىپ» (بۇ كېيىنكى ئىككى سۆز ئاۋاز تەقلىدى ئاساسىدا ياسالغان ئوخشايدۇ) قاتارلىق سۆزلىرىنى قوبۇل قىلمىغان. ئەكسىنچە، دەۋرىمىزدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى، پۈتۈن ئىجتىمائىي ئالاقىسىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى قوللىنىلىپ تۇرغانلىقى ئۇچۇن يوقىرىدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر پەقەت ياشانغانلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا بۇ «تىل» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كېتىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.
مۇشۇلارغا ئاساسەن ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇكى، بۇ تىل قاتلىمىنىڭ خوتەن دىيالېكتىنى تەشكىل قىلغان شېۋىلەر قاتارىدا تىلغا ئالغۇچىلىك ئەھمىيىتى يوق.
خوتەن دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىدە باشقا دىيالېكتلاردا كۆرۈلمەيدىغان بىر قىسىم ئەرەب - پارس تىلى

سۆزلىرىنىڭ كۆرۈلۈشىنى X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يۈسۈپ قادىرخانغا ياردەم ئۈچۈن خوتەننى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئىشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن (ئوش، كاسان، خارەزىم، باغداد قاتارلىق جايلاردىن) كەلگەن نەچچە ئون مىڭلىغان پىدائىيلار[1]قوشۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ پىدائىيلاردىن ھايات قالغانلىرىنىڭ خوتەن ئىسلاملاشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا دېرەك يوق.

دېمەك، ئۇلار ئەينى دەۋردىكى خوتەن ئاھالىسى بىلەن سىڭىشىپ، بۈگۈنكى خوتەن دىيالېكتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەلۇم رول ئوينىغان، خالاس.

* * *

خوتەن دىيالېكتى توغرىسىدا كۆز يۈمۈپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بۇ مەسىلە ئۈستىدە كىتابنىڭ بىرمۇنچە سەھىپىلىرىنى سەرپ قىلىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بەلكىم خاتا بولۇشى مۇمكىن. تەنقىد ۋە تۈزىتىشكە ئېھتىياجلىق.

ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي نىشانى بولغان خوتەن دىيالېكتىغا كېلەيلى.

① ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ تەخمىنى سانى توغرىسىدا «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» بىلەن موللا نىيازنىڭ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» (نەزمىي) گە قاراڭ.
«بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988.
Bodleian Library «oxford» Ms.Ind.Inst.Turk.24.ord.N.1232192

# 2. خوتەن دىيالېكتىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى

خوتەن دىيالېكتى ئەسرىمىزنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن ئەمەس. گەرچە XIX - ئەسرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىر قانچە رۇس ۋە ياۋروپا سەيياھلىرى، تۈركولوگلىرى بۇ دىيالېكتقا قىزىققان ۋە ئازدۇر - كۆپتۇر بۇ دىيالېكت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىرىشچانلىقلار كۆپىنچە خوتەن دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىسى دائىرىسىدىلا بولدى. مەسىلەن، بۇلاردىن ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدىغىنى شىۋىد ئالىمى گ. ياررىڭنىڭ «AN EASTREN TURKI - ENGLISH DIALECT DICTIONARY» ناملىق ئەسىرىدۇر.① بىز بۇ ئەسەردىكى ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىدىن «e، ε، æ» لەرنىڭ خېلىلا سۆزلەردە ئاپتور ئىپادە قىلىۋاتقان دىيالېكت ۋە شېۋىلەردىكى (ئەسكەرتىش: ئاپتور ئىپادە قىلىۋاتقان شېۋىلەر ئىچىدە ئاتۇش شېۋىسى يوق) [ε تاۋۇشى ئۈچۈن ئارىلاش قوللىنىلغانلىقىنى «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» دېگەن ئەسىرىمىزدە بىر قۇر ئېيتىپ ئۆتكەندۇق.

مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇكى، گ. ياررىڭنىڭ ئۇيغۇر تىلى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي شېۋىلىرى ئۈستىدە قىلغان ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باها بېرىشكە تېگىشلىك. گ. ياررىڭ پېشقەدەم ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى

① بۇ ئەسەر 1964 - يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان.

دىيالېكتولوگىيىسى تەتقىقاتى ساھەسىدە قوشقان تۆھپىسى زور،
ئۇ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتولوگىيىسىنىڭ مەشھۇر ئاساسچىلىرىدىن
بىرى.

لېكىن، مەلۇم بولۇشىچە، گ. ياررىڭنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ
خوتەن دىيالېكتىغا تېگىشلىك بولغان تىل ماتېرىياللىرى
خوتەننىڭ ئاھالە رايونلىرىدىن بىۋاستە تەكشۈرۈش ئارقىلىق
ئەمەس، بەلكى چەت ئەلگە ئاتچىلىق قىلىپ چىققان ئاتچىلاردىن
(بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئازدۇر - كۆپتۇر كونىچە ئوقۇغان بولۇشى
ئېھتىمال) ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ
يوق ئەمەس. ئەسىرىمىزنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولغانلىقتىن، بۇ ئەسەرنىڭ بەزى ياقلىرىغا بىر ئاز توختىلىپ
ئۆتىمىز:

گ. ياررىڭنىڭ بۇ ئەسىرى گەرچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي
دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىگە خاس لېكسىكىنى مەزمۇن قىلغان
بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى خېلى بىر قىسىم سۆزلەرنى جەنۇبىي
شېۋىلەرگىلا خاس دېگىلى بولمايدۇ يەنى ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم
سۆزلەرنى شىمالىي شېۋىلەردىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ. مۇنداقچە
ئېيتقاندا، گ. ياررىڭ جەنۇبىي دىيالېكت ۋە شېۋىلەر دائىرىسىدە
دەپ كۆرسەتكەن بىر قىسىم سۆزلەر ئەينى دەۋردىكى ئومۇمىي
ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا ئورتاق بولغان سۆزلەردۇر.

شۇنىڭدەك، گ. ياررىڭنىڭ لۇغىتىگە كىرگۈزۈلگەن بەزى
سۆزلەر چاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلىدىلا قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ
سۆزلەرنى بۈگۈن ئومۇمىي ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىن ۋە جەنۇب ھەم
شىمالدىكى ھەرقايسى دىيالېكت ۋە شېۋىلەردىن تاپقىلى بولمايدۇ.
بۇ سۆزلەر بىربولسا يېزىق تىلىدىن، بىر بولسا ئاز ساندىكى كونا

زىيالىيلارنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. مەسىلەن:
ئەرەبچە سۆزلەردىن: راوى، ثور، ثبوت، ثلث، شايع، تحمل، تعميد، تقديس، تامل، تناول، تلف (ترانسكرىپسىيىسى: tilep)، طعمه، عفونه، عقرب، افعى، باعث، بهمن، باكره، اختطاب، حوارى، حواريون، حقنه، خبيث، خريف، خسوف، عتاب، ازهار، يمين، كظاظ (ترانسكرىپسىيىسى: kizaz)، منظور، مزمور، مذى، مباحثه، مدلل (ترانسكرىپسىيىسى: mudɛllɛlɛ)، محاربه، مضاف اليه، نوحه، قط . . . قاتارلىقلار؛
پارسچە سۆزلەردىن: اب گوشت، اشام، افزون، بغان (ترانسكرىپسىيىسى baɤanɛ بېرىلگەن)، بازۇ، چرا، ديگر («ناماز دىگەر» سۆزىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان بولسا كېرەك)، گيسو، گوناگون، هزار، هزارپا، هزاك، خوبان، كليسه، مرغ، پايمال، راهدارى، شايسته، زوراور ··· قاتارلىقلار؛
ئەرەبچە ۋە پارسچە ئارىلاش تەركىبلىك سۆزلەردىن: بينهايه، جوراب ··· قاتارلىقلار.
مۇندىن باشقا مەزكۇر لۇغەتتە «ئاپتاپپەرەس» (جەنۇبىي شىۋىلەر بويىچە «پەلەس») سۆزى <fulus فلوس شەكلىدە، «كاناپ» سۆزى <qanap قنب شەكلىدە، «موۋۇت» سۆزى <mahut ماهوت شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان «كېپىنەك (بۇ سۆز توغرىسىدا قاراڭ: مەھمۇت قەشقەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 585 ـ بەت. كبالى (kɛpɛli» سۆزى پارسچە «كپنك» دىن چىققان بولسا كېرەك، دېيىلگەن، ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان «كەپ — قېلىپ، ئەندازا (بۇ سۆز توغرىسىدا قاراڭ: مەھمۇت قەشقەرىي 〈 تۈركىي تىللار دىۋانى 〉 III توم، 165 ـ بەت، كيب —kɛp سۆزى ئەرەبچە

«كىيىف» سۆزىدىن چىققان، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن).

بىز بۇ كېيىنكى ئىككى سۆز ئۈستىدىكى مەسىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، پەقەت دىيالېكت نۇقتىسىدىن گ. ياررىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ مەشھۇر ئەمگىكىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بىرىنچىدىن دىيالېكت سۆزلىرى ئىچىگە ئومۇمىي ئۇيغۇر تىلىغا ئورتاق بولغان سۆزلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈپ قېلىنىشى، ئىككىنچىدىن چاغاتاي يېزىق تىلىدىلا كۆرۈلىدىغان، ئومۇمىي ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا كۆرۈلمەيدىغان، ياكى ئاۋام خەلق ئۆزلەشتۈرمىگەن ۋە كوندىلىك ئالاقە ئېھتىياجىدا قوللانمايدىغان سۆزلەرنىڭ دىيالېكت سۆزلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ قېلىنىشى بۇ لۇغەتنىڭ نامىغا مۇۋاپىق كەلمىگەن.

ئەمدى بۇ ئەسەرنىڭ خوتەن دىيالېكتىغا مۇناسىۋەتلىك تەرىپىگە كەلسەك، بۇ ئەسەردە ئاپتور گۇمىدىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا قوللىنىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن سۆزلەر يۈز ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭدىن پەقەت گۇما (بىز گۇما شېۋىسى دەپ قارايمىز) دا قوللىنىلىدۇ، دەپ گۇما تامغىسى بېسىلغان يەتمىشچە سۆز بار (مەسىلەن bøʃyk (بۆشۈك)، buɣdɑj (بۇغداي)، tʃɑjqɑ- (چايقا-)، dɑdɑ (دادا)، dɛ- (دە-)، dzuɣ-dzɛmi (جۇغ - جەمى)، dzuɣlɑ- (جۇغلا-)، dzymɛ (جۈمە)، gɛmɛ (گەمە)، mɑh-mɑh (ماھ - ماھ — ئىتنى چاقىرىش ئۈندىشى)، miɣ-miɣ (مىغ - مىغ — ھالەت تەقلىدى)، mingɛʃtyr- (مىڭگەشتۈر-)، piʃ-piʃ (پىش - پىش — مۈشۈكنى چاقىرىش ئۈندىشى)، qɑtʃɑ-qutʃɑ~qɑtʃɑ (قاچا - قۇچا)، tɑɣɑ (تاغا — ئانىسىنىڭ ئىنىسى) قاتارلىق سۆزلەر گۇمىدىلا ئەمەس، باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ ھەممىسىدە

ئوخشاش قوللىنىدۇ.

يـۇقـــىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، گ. ياررىڭ ئەپەندى «دىــيالــېكــت» ئاتالغۇسىنى تىلشۇناسلىقتىكى مەنە دائىرىسى نۇقـتـىـسـىـدىـن ئـەمەس، بەلكى كەڭرەك مەنىدە ئىشلەتكەن ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر گەرچە ئەينى دەۋردە ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى جەنۇبىي دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ لـېـكـسـىـكـىـلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ جەنۇبىي دىـيـالـېـكـت ۋە شـېـۋـىـلەرنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرۇلۇق بىرەر خۇلاسە چىقىرىشىمىزغا يېتەرسىزلىك قىلىدۇ.

خـوتـەن دـىـيـالـېـكـتـىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىگە كەلسەك، بۇ توغرىدا ئەسىرىمىزنىڭ 50 - يـىـلـلـىـرىـغـىـچـە يەنى 1956 — 1957 - يىللىرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تىل تەكشۈرۈشكە قەدەر نۇقتىلىق بىرەر ئەمگەك قىلىنىغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

## 3. خوتەن دىيالېكتىنىڭ مۇھىم پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلىرى

خوتەن دىيالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىـئـالـېـكـتـىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم دىـيـالـېـكـت، ئـۇنـى گويا ناھىيىسىدىن شەرققە قاراپ تاكى چارقىلىققىچە بولغان ئارىلىقتا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار قوللىنىدۇ. بـۇ دىيالېكتنى قوللىنىدىغان ئۇيغۇرلار سان جەھەتتىن پۈتۈن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

خوتەن دىيالېكتى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلەرگە بولغان تەسىرى ئارقىسىدا بارغانسېرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا يېقىنلىشىش جەريانىنى كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى پايدىلىق تەركىبلىرى بىلەن ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.

خوتەن دىيالېكتى ئۆزىدە بىزنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى بۆلۈش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچەملىرىمىز بويىچە هازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ياسىلىشىدا پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئالدىدىن بىر «-t» (يەنى هۆكۈم ياردەمچىسى «turur» نىڭ تەدرىجىي قىسقىرىشى ئارقىلىق ئاخىرىدا قېلىپ قالغان «-t» ) نىڭ بولغانلىقى، شۇنىڭدەك پۈتمىگەن سۈپەتداش فورمىسىدىمۇ -j/-ε,-α لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن، سۈپەتداش ياسىغۇچى -gεn, -kεn//-ɤαn,-qαn قوشۇمچىلىرىدىن ئالدىن باشقادىيالېكت ۋە شېۋىلەردىكى -du//-di ئورنىغا بىر «-t» نىڭ بولغانلىقى (مەسىلەن: bαjitqαn — باردىغان) بىلەن باشقا دىيالېكتلاردىن پەرقلىنىدۇ.

خوتەن دىيالېكتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئۆز نۆۋىتىدە بىزگە هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ياكى بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي دىيالېكتتا هازىرقى - كەلگۈسى زامان خەۋەر پېئىلى بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك فورمىسىنىڭ <-durur//-turur

-0<-t<-di، -du(r)، -tu(r)<-dur//-tur يۆنىلىشى بويىچە ئۇزاق تارىخىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

خوتەن دىيالېكتى يالغۇز بولا ئەمەس، ئۇ يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولار:

فونېتىكىلىق جەھەتتە:

① خوتەن دىيالېكتىدا باشقا دىيالېكتلاردا [i][u][y] بىلەن ياسالغان قوشۇمچىلار ئەينەن قوللىنىلغاندىن سىرت، بەزى قوشۇمچىلاردىكى بۇ سوزۇق تاۋۇشلار [ɑ]، [ɛ] بىلەن نۆۋەتلەشتۇرۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، [o]، [ø] بىلەن قۇرۇلغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىغۇچى -luq، -luq قوشۇمچىلىرى ئورنىغا -lɛg، -lɑɣ قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى -tum، -tym//-dum، -dym ئورنىغا -tɛm، -tɑm//-dɛm، -dɑm قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ.

② خوتەن دىيالېكتى گەرچە بىر قىسىم سۆزلەردىكى لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئورنىغا ɑ—o، ɛ — ø شەكلىدىكى ئورۇن ئاھاڭداشلىقىنىڭ كۆرۈلۈشى جەھەتتىن مەركىزىي دىيالېكت تەۋەسىدىكى قەشقەر شېۋىسىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مۇنداق سۆزلەردىكى [o] ۋە [ø] تاۋۇشى، شۇنىڭدەك ئەسلىدىكى [ɑ]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە تارىخىي ئاجىزلىنىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان [o] ھەم [ø] تاۋۇشى [ʊ] ۋە [Y] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

③ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى مەزكۇر

بۇغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە بولسا ئاجىزلىشىپ [ɪ] بىلەن ئۆزگىرىدۇ (گۇما شىۋىسى بۇنىڭ سىرتىدا).

④ سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى [j] تاۋۇشى [ʑ] بىلەن ئۆزگىرىدۇ (گۇما شىۋىسى بۇنىڭ سىرتىدا).

⑤ ئەدەبىي تىلدىكى [r] تاۋۇشى ئورنىغا ئومۇمەن [j] قوللىنىلىدۇ. بەزى شىۋىلەردە [j] بىلەن [ɾ] ئارىلاش قوللىنىلىدۇ (كېرىيە- چىرا- نىيە شىۋىسى بۇنىڭ سىرتىدا).

گراماتىكىلىق جەھەتتە:

① خوتەن دىيالېكتى پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت رايىنىڭ بولۇشى بىلەن باشقا دىيالېكتلاردىن پەرقلىنىدۇ.

② خوتەن دىيالېكتىدا ئۆتكەن سۈپەتداش فورمىسى ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدىكى -kɛn, -gɛn // -qɑn, -ɣɑn قوشۇمچىلىرىدىن باشقا -ɛglig, -ɑɣliɣ // -iglig, -iɣliɣ قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ.

لېكسىكىلىق جەھەتتە:

خوتەن دىيالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى: خوتەن دىيالېكتىدا ئاز بولسىمۇ بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى ساقلىنىپ قالغان، مۇنداق سۆزلەرنىڭ قاتارىغا āmɑtʃ (نىشان، ئېتىش نىشانى)، bøg- (سۈنى توساق)، dzik (كېسەل، دەرت)، tɑlpuɣ (قۇشنىڭ تەلپۈنۈشى)، kygɛn (ھەسەن - ھۈسەننىڭ ياسى)، jyryŋ (ئاق)، kynɛs (كۈنگەي)، jidi- (سېسىماق، پۇراپ قالماق)، t ɷ nu- (تاپىلماق، جىكىلىمەك)، ɷ buʃqɑ (قىرى)،

hallaŋ (ئوچۇق) قاتارلىق سۆزلەر كىرىدۇ.

ئىككىنچى: ئەرەب تىلى سۆزلىرى. مۇنداق سۆزلەرگە tɛmmɛt (پۈتۈنلەي)، timɛssɛ (گۇمان)، mɛtlɛ- (ئۆلمەك) zal (ھورۇن)، sɛlqi، sɛlqiliɤ (ئۇستا، ماھىر)، sɛjjad (ئوۋچى)، mitɛwɛ (چاقچاق)، mut (بىكار، ھەقسىز)، xaτɛt (ياغاچچى) قاتارلىقلار كىرىدۇ.

ئۈچىنچى: پارس تىلى سۆزلىرى. مۇنداق سۆزلەر خوتەن دىيالېكتىدا بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك ئالاقە ئېھتىياجى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇلارغا:

sɛg (ئىت)، zindipaj (پەلەمپەي)، z ɛ̄ d(r)dɛk (سەۋزە) z ɛ̄ (r)dā(r) (باي، پۇللۇق)، diwɛŋ (دۆت)، zulpikɛʃ (چاچ سالغۇچى)، pajkā(r) (چىلىمدا تاماكا ساتقۇچى)، tɛp kɛl- (تەڭ كەلمەك)، tiwɛzyn (كىچىك پالتا)، dzodzaʃ (چايچۇش)، xuwalaʃmaq (ياخشى كۆرۈشمەك)، xiτɛwanliq (بۆكلۈك، بوستانلىق)، damigij (ماختانچاق)، øndɛ (يامان، غەلىتە) قاتارلىق سۆزلەر كىرىدۇ.

تۆتىنچى: خوتەن دىيالېكتىغا خاس بولغان سۆزلەر.

مۇنداق سۆزلەر بەزى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى خوتەن دىيالېكتىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلىگەن سۆزلەرنى، خوتەن تەۋەسىدىلا بولۇپ، باشقا جايلاردا بولمىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق سۆزلەرگە taʃiliɤ (چەت يۇرتلۇق)، mɛki

tʃamɣuτi (ياڭيۇ)، bɛ̄(τ)gi (ئەينۇلىغا ئوخشايدىغان بىرخىل
مېۋە)، bɑlimɑn (بىرخىل نەپەسلىك چالغۇ ئەسۋابى)، soqmɑq
(بىر خىل يېمەكلىك)، kurnilɛk، siqmɑq، pildijpɑŋ،
ʃuŋgutmɑq (قوناق ئۇندىن قىلىنىدىغان تاماقلارنىڭ نامىلىرى)
sulɑɣtʃi (يەر سۇغىرىدىغان ئادەم)، bɑʃtɑq (يالاڭ باش)،
ɑzmɑ (شاقىراتما)، wɑtɑq (كۆلگەك)، bɷɣunɑq (چاڭ-
توزان)، tʃɑptikɛʃ (بەڭۋاش)، mynyʃ (پاھ، ۋاي) jɑsidɑq
(پەدەز، زىننەتلىك)، ɷτundzi (پايتىما) قاتارلىقلار
كىرىدۇ.

خوتەن دىيالېكتىدا ھازىرقى فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا
قاراپ يۇقىرىقى دائىرىنىڭ بىرەرسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدىغان
بىر قىسىم سۆزلەر بار. مۇنداق سۆزلەر قاتلام تىللارنىڭ قالدۇقى
بولسا كېرەك. مەسىلەن: ɛdmijɑni (كىچىك پېئىل)، bidziq
(ئەمچەك)، buτhɑn (بۆك)، puʃtɑŋ (ئۇلاڭ)، tɑnɑj (نور)
tākɑn (گال، ئۆتمەس، قاشاڭ)، tujlɑ- (مۆڭكىمەك)، xɑpɑn
(تارازىنىڭ نەرسە قويىدىغان تەخسىسى)، indzɑ (دىت)، sɛŋki-،
(پەرق ئەتمەك)، sɛjmɑ (پاھىشە)، ɣɷli (زادى)،
ɣoldi (كالتەك، توقماق)، ɣom (تۆگۈن، ئۆچ)، qumɑ (تالدا
توقۇلغان توخۇ كاتىكى)، kɑmʃuk (ئىگەك)، hɑppɑ
(شاپىلاق)، kutʃuluq (ئوۋچىلىق)، uz (چىرايلىق)،
ømilɑqmɑn (ئوپۇل - توپۇل)، gylɛʃ (دۆت)، høddɛs
(زادى) قاتارلىقلار.

خوتەن دىيالېكتىنىڭ باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلەرگە نىسبەتەن
لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئۇنىڭدا ئەرەب - پارس تىلى
سۆزلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، شۇنىڭدەك، ئۆزىگە خاس بىر قىسىم

دىيالېكت سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىشىدا كۆرۈلىدۇ.

## 4. خوتەن دىيالېكتىنىڭ شېۋىلەرگە بۆلۈنۈشى

خوتەن دىيالېكتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكتلىرىدىن يۇقىرىقى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن خوتەن دىيالېكتى قوللىنىلىدىغان ھەممىلا رايونلاردا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەكشى ئەمەس. مەسىلەن، خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ھازىرقى- كەلگۈسى زامان پېئىلى بىرىنچى شەخس بىرلىك فورمىسى كۆپىنچە ئەدەبىي تىلدىكىدەك، بەزى ھاللاردا خوتەن دىيالېكتىغا ئومۇمىي بولغان فورمىدا قوللىنىلىدۇ، ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈرىدە بولسا، خوتەن دىيالېكتىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

بۇلاردىن باشقا خوتەن دىيالېكتىنى قوللىنىدىغان ھەرقايسى رايونلاردا سۆز بېشىدا ئېگىزسوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا [ʃ]~[ʑ]~[j] نىڭ نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى، ئەدەبىي تىلدىكى [r] تاۋۇشى ئورنىغا [j] نى ياكى [j] بىلەن [τ] نى تەڭ نۆۋەتلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئەھۋالى قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆزئارا بىرمۇنچىلىغان پەرقلەر مەۋجۇت.

بىز مۇشۇنداق پەرقلەرگە ئاساسەن خوتەن دىيالېكتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ شېۋىگە ئايرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

بىرىنچى: گۇما شېۋىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى

① سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا [ʑ] قوللىنىلىدۇ.

② سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى [r] ئورنىغا تامامەن دېگۈدەك [j] قوللىنىلىدۇ.

③ بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى [α] تاۋۇشى شۇ بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، [e] بىلەن نۆۋەتلەشمەيدۇ، بىر بوغۇملۇق سۆزنىڭ تەركىبىدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، [e] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

④ پەقەت ئاز ساندىكى سۆزلەردىلا [t] تاۋۇشى [k] ۋە [tʃ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

⑤ ھازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك فورمىسى ئومۇمەن ئەدەبىي تىلدىكىدەك، بەزى ھاللاردا خوتەن دىيالېكتىنىڭ باشقا شېۋىلىرىدىكىدەك ياسىلىدۇ.

⑥ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى [o]، [ø] تاۋۇشلىرى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئاجىزلاشمايدۇ.

ئىككىنچى: ئىلچى - قارىقاش - لوپ شېۋىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى

بۇ شېۋە خوتەن دىيالېكتى بويىچە ئەڭ كۆپ نوپۇس قوللىنىدىغان شېۋە. ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى:

① سۆز بېشىدا ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا [ʑ] قوللىنىلماي، ئورنىغا [j] قوللىنىلىدۇ.

② ئەدەبىي تىلدىكى [r] تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا [j] ياكى [τ] قوللىنىلىدۇ.

③ بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى [α] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە [e] غا، [ɛ] تاۋۇشى ئومۇمەن [ɪ] غا ئاجىزلىشىدۇ.

④ سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن [t] فونېمىسى ئىككىنچى بوغۇمنىڭ بېشىدا [m] ۋە [l] فونېمىلىرى كەلسە،

[ʔ]، [h]~[x] تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

⑤ دىيالېكتلارنى بۆلۈش ئۆلچەملىرى بويىچە خوتەن دىيالېكتىنى باشقا دىيالېكتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەر ئاساسەن مۇشۇ شېۋىدە كۆرۈلىدۇ.

⑥ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى [o] تاۋۇشى [ɷ]، [ø] تاۋۇشى [Y] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىسى

بۇ شېۋىنى چەرچەن، چارقىلىق ناھىيىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ قوللىنىدۇ. نوپۇسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئېلچى - قارىقاش - لوپ شېۋىسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

① سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا [ʐ] تاۋۇشى قوللىنىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆپىنچە [j] ۋە بەزى سۆزلەردە [ʃ] قوللىنىلىدۇ. مۇنداق نۆۋەتلىشىش سۆز ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

② سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى [r] تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكىدەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، لېكىن ئومۇمەن [r] نى [j] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

## 5. خوتەن دىيالېكتىغا ۋەكىل قىلىپ تاللانغان تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ تىزىملىكى

ئېلچىدىن:

1. سەيدىمەمەت توختى. (لەقىمى: ياغ). 39 ياش، ساۋاتلىق، ئاقتاش رايونى شورۋاغ يېزىسىدىن.

2. ئايشىخان (ئايال)، ساۋاتسىز.
3. ئابدۇمىجىتخان، چالا ساۋات، لاگىرۇدىن.
قارىقاش ناھىيىسىدىن:
1. ئابدىسايىت، قاياش رايونى قاپاقلا يېزىسىدىن.
2. ئايۇپ ئاخۇن مەمەت ئاخۇن.
3. نىزامىدىن خەلپە، قاياش رايونى قاپاقلا يېزىسىدىن.
4. ماھمۇت ئاخۇن كېرىم (لەقىمى: سۇناي)، 24 ياش، چالا ساۋات، ھالۇ يېزىسىدىن.
لوپ ناھىيىسىدىن:
1. نايىپ ئاخۇن
2. سىراج ئەخمەت ئاخۇن قۇناخون (لەقىمى: يوبدان)، چاپال يېزىسىدىن.
چىرا ناھىيىسىدىن:
1. ئىدرىس ئېلى (لەقىمى: خاپان)، 30 ياش، كۆكمەت يېزىسىدىن.
2. مەمەت ئاخۇن موللا قۇربان، كەسپى خالۋاب، 85 ياش. سايئېرىق يېزىسىدىن.
3. يۇنۇس ئاخۇن جالالىدىن، كەسپى خارەت (ياغاچچى)، ئوغرى ئېرىق يېزىسىدىن.
كېرىيە ناھىيىسىدىن:
1. قۇربان قاشقا، 45 ياش، قاچون رايونىدىن.
2. ئابابەكرى نىياز، 3.8 ياش، قاچون رايونى جاي يېزىسىدىن.
3. ئابلىراخۇن سەببەت.
4. تۇرسۇن قاشقا.

5 . ئىسمايىل ئۆتەك.

نىيە ناھىيىسىدىن:

روزاخۇن مەمەت ئىبراھىم (لەقىمى: تەڭلە)، لەمپە يېزىسىدىن.

گۇما ناھىيىسىدىن:

1 . ئابلا رۇستەم، 34 ياش، كەسپى بوزچى، نىشاندىن.

2 . تۆمۈر قاسىم، 44 ياش، نىشاندىن.

# Ⅱ خوتەن دىيالېكتىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

## 1. خوتەن دىيالېكتىدىكى فونېملار

خوتەن دىيالېكتىدىكى فونېملار ئەدەبىي تىلىمىزدىكى فونېملار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. پەقەت [r] تاۋۇشىنىڭ فونېما ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ۋە بەزى فونېملارنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرىدىلا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوخشىماسلىقلار بار. بۇلار تۆۋەندىكىلەر:

سوزۇق تاۋۇش فونېملىرى:

[α]، [ɛ] (ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى ۋارىيانتى [ɪ] بىلەن)، [o] (ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى ۋارىيانتى [ɵ] بىلەن)، [ø] (ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى ۋارىيانتى [Y] بىلەن)، [u]، [y]، [i]، [ɛ] لەردىن ئىبارەت.

ئۈزۈك تاۋۇش فونېملىرى:

[b]، [p]، [t] ([m] تاۋۇشىنىڭ ئالدىدىكى ۋارىيانتى [ʔ] بىلەن)، [x]، [dz]، [tʃ]، [d]، [z]، [s]، [ʃ]، [q]، [ɣ]، [k]، [g]، [l] ([t] تاۋۇشىدىن كېيىنكى

ۋاريانتى [ɬ] بىلەن)، [m]، [n]، [ŋ]، [w]، [h]، [j] لاردىن ئىبارەت. [ʑ] تاۋۇشى خوتەن دىيالېكتىدا پەقەت «baʑ — باج»، «xɛʑlɛ- — خەجلە-»، «kɛʑ~kaʑ — كاج» «hɛʑdɑ — ئەجدەرھا»، «mɛʑlis — مەجلىس» قاتارلىق ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر تەركىبىدە بوغۇم ئاخىرىدىكى [dz] تاۋۇشىنىڭ ئورنىدا، شۇنىڭدەك «piʑildɑ - — پىژىلدا -»، «ɣiʑildɑ - — غىژىلدا-»، «miʑildɑ - — مىژىلدا-»، «wiʑildɑ - — ۋىژىلدا-» قاتارلىق ئاۋاز تەقلىدلىرى (ياكى شۇلاردىن ياسالغان پېئىللار) تەركىبىدىلا كۆرۈلىدۇ.

## 2. خوتەن دىيالېكتىدىكى [τ] تاۋۇشى

خوتەن دىيالېكتى ئەدەبىي تىلىمىزدىكى [r] فونېمىسى ئورنىغا كۆپىنچە [j]، بەزەن [τ] قوللىنىلىشى بىلەن باشقا دىيالېكتلاردىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن خوتەن دىيالېكتىنى تەشكىل قىلغان شېۋىلەردە بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈش ئەھۋالى بىرخىل ئەمەس. مەسىلەن، گۇما شېۋىسىدە [τ] تاۋۇشى تاسادىپىي ھالدا (بەزى ئاۋاز تەقلىدلىرىدە) كۆرۈلۈپ قالمىسا، مۇتلەق كۆپ ھالدا [τ] ئورنىغا [j] قوللىنىلىدۇ. كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىسىدە بولسا، تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. يەنى بۇ شېۋىدە [τ] قوللىنىلماي، ئەدەبىي تىلدىكىدەك [r] قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە سۆزلەردە [j]/[τ] نۆۋەتلىشىشى ئۇچرىمايدۇ، پەقەت ئاز ساندىكى

سۆزلەردىلا ئېگىز سوزۇق تاۋۇش [i] غا ياندىشىپ كەلگەن [r] تاۋۇشى [j] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، لېكىن ئومۇمەن [r] نى [j] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈش غەيرى تۈيۈلمايدۇ.

ئەمدى ئېلچى ـ قارىقاش ـ لوپ شېۋىسىنى ئالساق، بۇ شېۋىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان بۇ ئۈچ ناھىيىدە [τ]/[j] نۆۋەتلىشىش بىرخىل ئەمەس. بۇ ناھىيىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىن جايلاشقانلىقى، تىل ئالاقە مۇناسىۋىتىنىڭ يەنى ئۆزئارا كەلدى ـ باردى قىلىشىنىڭ ئىنتايىن قويۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا [τ]/[j] نۆۋەتلىشىشىگە ئائىت ئېنىق بىر پەرقنى ياكى بۇ ھەقتىكى بىر قائىدىنى كۆرسىتىپ بېرىش ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس. [τ]/[j] نۆۋەتلىشىشىنىڭ كۆپ ياكى ئاز كۆرۈلۈشى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، لوپ ۋە قارىقاش ناھىيىلىرىدە[τ] تاۋۇشىنى قوللىنىش كۆپرەك، [τ]/[j] نۆۋەتلىشىشى ئازراق كۆرۈلىدۇ، ئېلچىدە بولسا، [τ]/[j] نۆۋەتلىشىشى بۇ ئىككى ناھىيىگە نىسبەتەن كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، خوتەن دىيالېكتىدىكى [τ]، [j] تاۋۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تۆۋەندە ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىمىز.

### 2. 1. خوتەن دىيالېكتىدىكى [α]، [ε]، [o]، [ø]، [u]، [y] لەردىن كېيىن كەلگەن [τ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

[τ] تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر ۋە قوشۇمچىلاردا مەزكۇر بوغۇم [α]، [ε]، [o]، [ø]، [u]، [y] سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئاينىغا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن

باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلۇپ ئوچۇق بوغۇمغا ئايلانمىسا، [τ] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ پۈتۈن خوتەن دىيالېكتىغا ئورتاق فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك.

| خو. د. | ئە. ت. |
| --- | --- |
| bā(τ)- | بار ـ، بارماق |
| bā(τ) | بار |
| bε̄(τ)- | بەر-، بەرمەك |
| αnā(τ) | ئانار |
| tαwα(τ) | تاۋار |
| ε̄(τ) | ئەر |
| tō(τ) | تور |
| tø̄(τ) | تۆر |
| kYmε̄(τ) | كۆمۈر |
| kō(τ) | كور، قارىغۇ |
| kø̄(τ)- | كۆر-، كۆرمەك |
| tū(τ)- | تۇر-، تۇرماق |
| ū(τ)- | ئۇر-، ئۇرماق |
| puldā(τ) | پۇللۇق، پۇلدار |
| zε̄(τ)dā(τ) | باي، پۇللۇق |
| bαlilā(τ) | باللار |
| øjlε̄(τ) | ئۆيلەر |
| bαjā(τ) | بارار (كەلگۈسى زامان پېئىلى) |
| kilε̄(τ) | كېلەر (ھايۋان) |

| | |
|---|---|
| jɑndū(τ)- | ياندۇر- ، ياندۇرماق |
| puʃu(τ)- | پىشۇر- ، پىشۇرماق |

ئەگەر مۇنداق سۆز ياكى قوشۇمچىلاردىن كېيىن سوزۇق تـاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ [τ] تاۋۇشى كەلگەن بوغۇم ئوچۇق بوغۇمغا ئايلانسا، [τ] تاۋۇشى [j] بىلەن نۆۋەتلـــشـــشى مۇمكىن. مۇنداق فونېتىكىلىق نۆۋەتلىشىش ئـېـلـچـىـدە، بولۇپمۇ ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باغلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئالاھىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ، قارىقاش ۋە لوپ ناھىيىلىرىدە نىسبەتەن ئاز.

| ئىلچى ناھىيىسىدە | ئە. ت. |
|---|---|
| bā(τ)- | بار- ، بارماق |
| bɑτɑj~bɑjɑj | باراي (خالاش رايى) |
| bɑjā(τ) | بارار (كەلگۈسى زامان پېئىلى) |
| bejip | بېرىپ |
| bɑjitu | بارىدۇ |
| bɑjitmɛ(n) | بارىمەن |
| bā(τ) | بار |
| bej(i)kɛn | بارىكەن |

| | |
|---|---|
| پۇلۇمنىڭبارى | pulumniŋ beji |
| بار ئىدى | bej(i)di |
| بەر- ، بەرمەك | b ε̄ (τ)- |
| بېرەي | bijij |
| بېرىپ | bijip~bɪτip |
| تۇر- ، تۇرماق | tū(τ)- |
| تۇراي | tujαj |
| تۇرۇقلۇق | tujuɤluq |
| تۇرۇپتۇمۇ؟ | tujummutα ? |
| تۇر- ، تۇرمەك | t ȳ (τ)- |
| يەڭنى تۇرۇپ | jεŋni tyjyp |
| تور | tō(τ) |
| تورى | t ɷ ji |
| تۆر | t ø̄ (τ) |
| ئۆينىڭتۆرى | øjniŋ tYji |
| تومۇر | t ɷ mū(τ) |
| تومۇرۇڭلار | t ɷ mujuŋlā(τ) |
| تۆمۇر | tYm ȳ (τ) |
| تۆمۇرۇم | tYmyjym |

| | |
|---|---|
| جىگەر | dzig ε̄ (τ) |
| جىگىرىم | dzigijim |
| چىقار- چىقارماق | tʃiqā(τ)- |
| چىقىرىپ | tʃiqijip |
| كۆمۈر | kYm ε̄ (τ) |
| كۆمۈرۈم | kYmyjεm |
| كۆر- ، كۆرمەك | k ø̄ (τ) |
| كۆرۈپ | kYτεp~kYjεp |
| كۆرۈڭ | kYjεŋ |
| كۆرەيلى | kYjili |
| كۆرۈشكەن | kYjεʃkεn |
| قاشلار | qɑʃlā(τ) |
| قاشلىرى | qɑʃliji |
| گەپلەر | gεpl ε̄ (τ) |
| گەپلىرى | gεpliji |
| ئالدۇر- ئالدۇرماق | ɑldū(τ)- |
| ئالدۇرۇپ | ɑldujup |

سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [τ] تاۋۇشىدىمۇ يوقىرىقىدەك چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى بار.

| ئە. ت. (يېزىلىشى) | خو. د. |
|---|---|
| ئارپا | ā(τ)pα |
| ئارقا | ā(τ)qα |
| يورغىلا- ، يورغىلىماق | jō(τ)ɣilα- |
| تورغاي | tō(τ)ɣαj |
| دۈردۈن | dū(τ)dun |
| قۇربان ئاخۇن | qu(τbα)nαxun |
| ئارغىماق | ā(τ)ɣ(u)mαq |

لېكىن تۆۋەندىكى بىر قىسىم سۆزلەردىكى [τ] تاۋۇشى گەرچە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن فونېتىكىلىق شارائىتتا كەلسىمۇ، چۈشۈرۈلمەي ئېيتىلىدۇ، ياكى [j] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ.

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئارمان | ατmαn |
| ئەسكەر | εskετ |
| نومۇر | numuj~numuτ |
| نومۇرۇم | numujum~numuτum |
| ناچار | nαtʃατ |
| هارۋا | hατwu~hατwα |
| | (gu.) hαjwu |
| هەرىكەت | hετkεt |
| | (gu.) hεjkεt |

| | |
|---|---|
| ھۆرمەت | høτmεt |
| | (gu.)højmεt |
| قۇرغۇي | quτɣuj |
| نۇرغۇن | nuτɣun |
| ھەربىر | hεj - bij ~ hετ - biτ |
| ھەربىرلىرى | hεj - bijliji |
| يۇقىرى | juquj ~ juquτ |
| تۇيۇقسىز | pαjsuq~pατsuq |
| مۇدىر | muduτ |
| ئۆزگەر، ئۆزگەرمەك | øzgεj - |
| ئۆزگەردى | øzgεjdi |
| تەربىيە | tεjbi(jε) |

### 2 .2 . [i] تاۋۇشىدىن كېيىنكى [τ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قالماسلىقى

مەيلى سۆز ئايىغىدا بولسۇن، مەيلى سۆز ئوتتۇرىسىدا بولسۇن، [i] تاۋۇشىدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [τ] تاۋۇشى چۈشۈپ قالمايدۇ، بەلكى خوتەن دىيالېكتىنىڭ ھەممىلا شېۋىلىرىدە [j] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| jeɣij | ئېلچى، قارىقاش، گۇما | يېغىر |
| eɣij | ئېلچى، قارىقاش | ئېغىر |

| | | |
|---|---|---|
| خېمىر | ئېلچى | xemij |
| زەنجىر | قارىقاش | zɛndzij |
| ئېگىر- ، ئېگىرمەك | ئېلچى، قارىقاش | Igij- |
| قىچقىر- ، قىچقىرماق | قارىقاش، لوپ | qitʃqij- |
| كادىر | ئېلچى | kɑdij |
| بالدۇر | ئېلچى ، قارىقاش، لوپ | bɑldij |
| غەلۋۇر | ئېلچى ، قارىقاش | ɤɛlwij |
| سىر | ئېلچى | sij |
| لىڭگىرچاق | قارىقاش | liŋgijtʃɑq |
| لاخشىگىر | ئېلچى | lɑxʃigij |
| گۆشگىردە | قارىقاش | goʃgijdɛ |
| قىر | ئېلچى ، قارىقاش | qij |
| كىر- ، كىرمەك | ئېلچى ، قارىقاش، لوپ، چىرا | kij- |
| بىر | ئېلچى ، لوپ، چىرا، كېرىيە، گۇما | bij |
| (bij～bíɾ | ( قارىقاشتا: | |
| هازىر | ئېلچى | hɑzij |
| كەندىر | كېرىيە | kɛndij |
| خېچىر | كېرىيە | qetʃij |

| | | |
|---|---|---|
| muzakij | ئىلچى | مۇزاكىرە |
| muzakijliʃip | | مۇزاكىرىلىشىپ |
| kij | ئىلچى | كىر، پاسكىنا |

لېكىن تۆۋەندىكى سۆزلەردە [τ] تاۋۇشى [j] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلمىگەن. بۇ بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا بىزگە تاۋۇش بەرگۈچىلەرنىڭ [τ] تاۋۇشىغا ئۆزىنى كۆنۈكتۈرۈشىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. م:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| musapiτ | ئىلچى | مۇساپىر |
| musadiτ | ئىلچى | مۇسادىرە |
| mitiτ | ئىلچى | مىتىر |
| wiziτ | قارىقاش | ۋەزىر |
| mudiτ | ئىلچى | مۇدىر |
| haziτ | قارىقاش، لوپ | ھازىر |
| pikiτ | ئىلچى | پىكىر |
| pikjim | | پىكرىم |

2. 3. τt، τq، τk قوش ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدىكى [τ] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

سۆز ئايىغىدا كەلگەن قوش ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىنقى تەركىبى بولغان [τ] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| t ø̄ (τ)t | ئىلچى | تۆت |

| | | |
|---|---|---|
| tā(τ)t- | ئىلچى | تارت-، تارتماق |
| qū(τ)t-qoŋɣaz | ئىلچى | قۇرت-قوڭغۇز |
| ji(τ)t- | ئىلچى، گۇما | يىرت-، يىرتماق |
| $\overline{y}$ (τ)k- | ئىلچى، قارىقاش، لوپ | ئۈركۈ-، ئۈركۈمەك |
| qi(τ)x | قارىقاش، لوپ | قىرىق |
| $\overline{\varepsilon}$ (τ)z | ئىلچى | ئەرز |

2. 4. سۆز ئوتتۇرىسىدا ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدى-كەينىدە كەلگەن [τ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

سۆز ئوتتۇرىسىدا ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن [τ] تاۋۇشى ياكى شۇ بوغۇم چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە خوتەن دىيالېكتىنىڭ تامامەن [j] قوللىنىدىغان ياكى [j] تاۋۇشى بىلەن [τ] تاۋۇشىنى ئوخشاش نۆۋەتلەشتۈرۈپ قوللىنىدىغان شېۋىلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. م:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| $\overline{y}$ (τy)k | ئىلچى، لوپ | ئۈرۈك |
| bū(τ)n | قارىقاش | بۇرۇن (پۇراش ئەزاسى) |
| αj(τu)pilαn | لوپ | ئايروپىلان |
| jug(τ)up | قارىقاش | يۈگرۈپ |
| tu(τu)p tujuŋ | ئىلچى | تۇرۇپ تۇرۇڭ |
| jy (τy) jtu ~ jyτyjtu | قارىقاش | يۈرىدۇ |
| αɣ(τ)ip | ئىلچى | ئاغرىپ |

| | | |
|---|---|---|
| ئاغرىيدۇ | ئىلچى | aɣ(τ)ijtu |
| ئارىلىقى | لوپ | ā(τi)liqi |
| ئايرىلغان | لوپ | aj(τ)ilɣan |
| ئايرىمچىلىق | ئىلچى | aj(τ)imtʃiliq |
| ئايرىلىپ | ئىلچى | aj(τ)ilip |
| قارىقاش ناھىيىسى | ئىلچى ، قارىقاش | qā(τ)qaʃ |
| پىرىجە | قارىقاش | pī(τi)dʒɛ |
| زىرىككەن | ئىلچى ، قارىقاش | zī(τi)kkɛn |
| زىرىكىپ | ئىلچى ، قارىقاش | zī(τi)kip |
| كۆرەي | ئىلچى | kø̄(τy)j |
| بىرەي | ئىلچى | bi(τi)j |
| چىرايلىق | ئىلچى | tʃ(j)ajliɣ ~ tʃijajliɣ |
| گۇرۇچ | ئىلچى ، قارىقاش | gu(τu)ndza |
| يىراق | ئىلچى | ji(j)aq |
| چىراغ | ئىلچى | tʃi(j)aɣ |
| غىرىچ | گۇما | ɣē(ji)tʃ |
| كەچقۇرۇن | ئىلچى | kɛtʃqū(τu)n |
| ئىتتىرىپ | قارىقاش | iʃt(iτ)ip |

### 5.2. سۆز بېشىدا كەلگەن [τ] نىڭ [j] بىلەن

نۆۋەتلىشىشى

سۆزلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن [τ] تاۋۇشى (تامامەن [j] قوللىنىلىدىغان گۇما شېۋىسىدىن باشقا) كۆپىنچە ئىلچىدا [j] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، قارىقاش ۋە لوپ ناھىيىلىرىدە ئاز كۆرۈلىدۇ. م:

| ئىلچى | قارىقاش | لوپ | ئە. ت. |
|---|---|---|---|
| jɑs | | τɑs | راست |
| jɑwɑp | τɑwɑp | | راۋاب |
| τɛx～jɛx | τɛx | | رەخت |
| jɑτon | τɑjon | τɑjon | رايون |
| τɛŋ～jɛŋ | | | رەڭ |

—hɑl jɛŋ ھال رەڭ، —dzigɛ(τ)jɛŋ جىگەررەڭ

| | |
|---|---|
| jɛstɛ | رەستە |
| τɛndɛ<br>jɛndɛ | رەندە |
| jɛsim | رەسىم |

6.2. سۆز ئوتتۇرىسىدىكى [τ]/[j] نۆۋەتلىشىشىنىڭ [i] تاۋۇشىغا يانداش كېلىشىنى شەرت قىلىشى

سۆز ئوتتۇرىسى بوغۇم بېشىدىكى [τ] تاۋۇشىنىڭ [j] بىلەن نۆۋەتلىشىشى كۆپىنچە[i] تاۋۇشىغا يانداش كېلىشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىمۇ، گۇما شېۋىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ئىلچىدە كۆرۈلىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| ئىلچى | ئە. ت. |
| ɑldijɑp | ئالدىراپ |
| ɑldijɑŋɣu | ئالدىراڭغۇ |
| mijɑd | مۇراد |
| tʃijɑ | چىرا(ناھىيە ئىسمى) |
| tʃiтɑjliɣ ～ tʃi(j)ɑjliɣ～tʃijɑjliɣ | چىرايلىق |
| kıтɛk～kiтɛk～kijɛk | كىرەك |
| tijɛp | تەرەپ |
| ʃijɛt | شەرەت، ئىشارەت |
| nijɑq | نىراق |
| tɑʃqiji | تاشقىرى |
| itʃkiji | ئىچكىرى |
| ilgiji | ئىلگىرى |
| tijig | تىرىك |
| tɛdẓjibɛ | تەجرىبە |
| ejiq | ئېرىق |
| jejim | يېرىم |
| bij eɣiz, jejim eɣiz søz | بىر ئېغىز، يېرىم ئېغىز سۆز |
| qejiʃ- | قېرىش- قېرىشماق |
| qeтi～qeji | قېرى |
| qeji- | قېرى- قېرىماق |
| dzijim | جىرىم |

| | |
|---|---|
| seτiɣ∼sejiɣ | سېرىق |
| neji | نېرى |
| bɪji | بېرى |
| ɣejitʃ | غېرىچ |
| gijiptā(τ) | گىرىپتار |

بۇ مىساللاردىكى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى قارىقاش ۋە لوپ ناھىيىلىرىدە [j] بىلەن ئەمەس، [τ] بىلەن ئېيتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| kɪτɛklig | لوپ |
| tiτig | 〃 〃 |
| qeτi | 〃 〃 |
| tɑʃqiτi | قارىقاش |
| ɣeτitʃ | 〃 〃 |

سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭدەك ئالدى ۋە كەينىدە [i] تاۋۇشى بولمىغان [τ] نىڭ [j] بىلەن ئۆۋەتلىشىشى تۆۋەندىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ. م:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| ɑmjɑq | ئىلچى | ئامراق |
| ɛtjɑp | ئىلچى | ئەتراپ |
| utʃjɑptu | ئىلچى | ئۇچراپتۇ |
| qiŋjɑq | ئىلچى | قىڭراق |
| mɛʃjɛp | ئىلچى | مەشرەپ |

| | | |
|---|---|---|
| εtjεt | ئىلچى | ئەترەت |
| xαjεt | ئىلچى | ياغاچچى |
| øndεjε- | ئىلچى | ئۈندەرە-، ئۈندەرىمەك |
| tαjαm-tαjαm | ئىلچى | تارام-تارام |

### 2 . 7 . ئاۋاز تەقلىدلىرىدىكى [τ] تاۋۇشى

ئاۋاز تەقلىدلىرىدىكى [τ] تاۋۇشى بوغۇم ئايىغىدا كەلگەن بولسا، چۈشۈرۈلمەيدۇ. گۇما شېۋىسىدىن باشقا شېۋىلەردە ئاۋاز تەقلىدلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن [τ] تاۋۇشمۇ [j] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلمەيدۇ. م:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| gøldyτ-gøldyτ | ئىلچى | گۈلدۈر-گۈلدۈر |
| dzαlduτ-dzulduτ | 〃 | جالدۇر-جۇلدۇر |
| ʃαταqqu-ʃuτuqqu | 〃 | شاراق-شۇرۇق |
| ʃαττu-ʃuττu | 〃 | شار-شۇر |
| bαττu-buττu | 〃 | ۋار-ۋۇر (يىغا ئاۋازى) |
| tαταqqu-tuτuqqu | 〃 | تاراق - تۇرۇق |
| pαταslitip | ئىلچى | پاراسلىتىپ |
| qαταsside | 〃 | قاراسسىدە |
| dziτiŋliɣαn | قارىقاش | جىرىڭلىغان |
| dαταxʃi- | لوپ | تاراقشى-، تاراقشىماق |

ئاۋاز تەقلىدلىرىنىڭ ئايىغىدا ئىگىز سوزۇق تاۋۇشلاردىن كېيىن كەلگەن [τ] تاۋۇشى [j] بىلەن ئۆۋەتلىششى مۇمكىن م:

| ئە. ت. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | خو. د. |
| --- | --- | --- |
| شالدىر | ئىلچى | ʃαldij |
| شالدىرلىتىپ | ئىلچى | ʃαldijlitip |
| گۇلدۇر | ئىلچى | gøldyτ |
| گۇلدۇرلەيدۇ | ئىلچى | gøldyjlijtu |
| جالدۇر - جۇلدۇر | قارىقاش | dzαldij-dzulduτ |
| جالدىرلىتىپ | كېرىيە | dzαldijlitip |
| كالدىرلىتىپ | كېرىيە | kαldijlitip |

2 . 8 . [j]/[τ] ئۆۋەتلىششىنىڭ تاسادىپىيلىقى

خوتەن دىيالېكتىدا [j] تاۋۇشىنى [τ] بىلەن ئۆۋەتلەشتۈرۈش ھادىسىسى يوق. يەنى سۆز بېشىدا، سۆز ئايىغىدا كېلىدىغان، سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم بېشى ۋە بوغۇم ئايىغى بولۇپ كېلىدىغان [j] تاۋۇشى، مەسىلەن: jαxʃi ، jαmαn ، (τ) j $\overline{\varepsilon}$ ، jαn ، xijαl ، αjαɣ ، sαjε ، øj ، køj- ، boj ، soj- ، sαj ، αj ، jeqin ، sijαq ، (τ) tεjjā ، ojnα- ، qijnα- قاتارلىق سۆزلەردىكى [j] تاۋۇشى، بۇيرۇق راي قوشۇمچىلىرى «j-//αj- ، εj-» ، خالاش راي قوشۇمچىلىرى «ɣαj- ، qαj-//gεj- ، kεj-» قاتارلىقلاردىكى [j] تاۋۇشى ھېچقاچان [τ] بىلەن ئۆۋەتلەشتۈرۈلمەيدۇ.

ئەسلىدە خوتەن دىيالېكتىدا بولمىغان ياكى كېيىن

ئۆزلەشتۈرۈلگەن rɑjon، ɑjɑl، ɛdjɑl قاتارلىق سۆزلەردىكى [j] تاۋۇشى ۋە بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا [i] تاۋۇشىدىن ئالدىن بوغۇم بېشى بولۇپ كېلىدىغان [j] تاۋۇشىنى بەزى كىشىلەر بەزى ھاللاردا [τ] بىلەن ئۆزگەرتىشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىپ قېلىشى مۇمكىن:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| jɑτon | رايون |
| ɛdτɑl | ئەدىيال |
| ɑτɑl | ئايال |

| | |
|---|---|
| △ɑq tʃɛkmɛn qɑτɑ tʃɛkmɛn | ئاقچەكمەن قاراچەكمەن |
| jɛŋdɛ botiɣɑn tʃɛkmɛn | رەڭدە بوييىغان چەكمەن. (قوشاق) |
| △ojniɣili uz jɑxʃi | ئويىنىغىلى چىرايلىق ياخشى |
| tetilɣili muz jɑxʃi | تېيىلغىلى مۇزياخشى (قوشاق) |
| △tʃɑpɑnni kiτip... | چاپاننى كىيىپ ... |
| △qizniŋ jɑτiɣɑ qā(τ)lɑp | قىزنىڭ رايىغا قاراپ ... |

بۇ بىر خىل تاسادىپىيلىق، ئىزچىل بولمىغان ۋە ئومۇمىي بولمىغان ئۆزگەرتىشتۈرۈش بولۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلەرگە تېخى كۆنۈكۈپ كەتمىگەنلىكىنىڭ، كېيىنكى سۆزلەرنى بولسا [τ] بىلەن تەلەپپۇز قىلسا توغرا بولامدىكىن،

دېگەن تونۇشىنىڭ نەتىجىسى.

## 2. 9. خۇلاسە

يۇقىرىدىكىلەر 1956 — 1957 - يىللىرى خوتەن دىيالېكتى ئۈچۈن تاۋۇش بەرگۈچىلەردىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ رەتلىنىش ئەھۋالى، لېكىن بىز مەيلى [τ] تاۋۇشى كۆپرەك قوللىنىلىدىغان قارىقاش ۋە لوپ ناھىيىلىرىدە، مەيلى [r] كۆپرەك قوللىنىلىدىغان كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىسىدە ھەتتا ئاۋاز تەقلىدلىرىدىمۇ [τ] ياكى [r] تاۋۇشلىرىنى [j] بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىشنىڭ غەيرى تۇيۇلمايدىغانلىقىنى، مەندە ئۇقۇشماسلىق چىقارمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

مۇشۇلارغا ئاساسەن ئېيتىش مۇمكىنكى، [r] تاۋۇشى 50 - يىللاردا خوتەن دىيالېكتىدا تېخى فونېما بولۇش جەريانىنى كەچۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك. بولۇپمۇ قاتناش تۈگۈنلىرىدىكى ئاھالىنىڭ [τ] ياكى [r] تەلەپپۇزىغا ئادەتلىنىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىسا كېرەك.

[r] تاۋۇشىنىڭ خوتەن دىيالېكتىدا فونېمىغا ئايلىنىپ بولۇش جەريانى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن خوتەن دىيالېكتىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق.

خوتەن دىيالېكتى تەتقىقاتىدا قىزىق بىر ھادىسە شۇكى، غەربتىن گۇما ناھىيىسى، شەرقتىن مىرەن يېزىسى (لوپنۇرلۇقلارنىڭ قەدىمكى ماكانلىرى بولغان مىرەن)، يېڭىسۇ قاتارلىق ئورۇنلاردىن خاتىرىلەنگەن قوشاق، چۆچەكلەر بويىچە) تامامەن

[j] تەلەپپۇزىدا، ئوتتۇرىدىكى قارىقاش، ئېلچى، لوپ شېۋىسى [j]//[τ] تەلەپپۇزىدا، كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىسىدىن تارتىپ

چارقىلىقچە [r]//[j] تەلەپپۇزىدا. زادى خوتەن دىيالېكتىدىكى [j] لىشىش قاياقتىن كەلدى؟ شەرقتىن غەربكىمۇ؟ غەربتىن شەرققىمۇ؟ بۇ قايسى بىر تىلنىڭ تەسىرى؟ بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدا ھەل قىلىنمىدى. كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ھاۋالە قىلىندى.

## 3. خوتەن دىيالېكتىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

### 3.1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

3.1.1. سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [α] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى: سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [α] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا. [e] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. | خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|---|---|
| αt | ئات | eti | ئېتى |
| baʃ | باش | beʃim | بېشىم |

لېكىن گۇما شېۋىسىدە ئاجىزلاشمايدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| αtim | ئېتىم |
| baʃim | بېشىم |

3.1.2. سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى [α] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى: سۆزنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى [α] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، خوتەن دىيالېكتىنىڭ ھەممىلا شېۋىلىرىدە ئوخشاش

ئاجىزلىشىپ [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. | خو. د. | ئە. ت. |
| --- | --- | --- | --- |
| bɑlɑ | بالا | bɑlisi | بالىسى |
| kɑwɑp | كاۋاپ | kɑwipɑm~ kɑwipim | كاۋىپىم |
| kitɑp | كىتاب | kitipi | كىتابى |

3.1.3. سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى: سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، [ɪ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. | خو. د. | ئە. ت. |
| --- | --- | --- | --- |
| kɛl- | كەل- | kɪlip | كېلىپ |
| bɛl | بەل | bɪlim | بېلىم |
| kɛt- | كەت- | kɪtiŋ | كېتىڭ |

لېكىن گۇما شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكىدەك [e] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
| --- | --- |
| kelip | كېلىپ |
| belim | بېلىم |
| ketiŋ | كېتىڭ |
| bejiŋ | بېرىڭ («بەر-» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى) |

3.1.4. سۆزلەرنىڭ كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى: سۆزنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە

قالسا، خوتەن دىيالېكتىنىڭ ھەممىلا شىېۋىلىرىدە ئوخشاشلا ئاجىزلىشىپ [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. | خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|---|---|
| kɛ̄ (τ)kɛ | كەكە | kɛ̄ (τ)kisi | كەكىسى |
| ɛ̄ (τ)tɛ | ئەتە | ɛ̄ (τ)tisi | ئەتىسى |

3.1. 5. [ɛ] تاۋۇشىنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ راي قوشۇمچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاجىزلىشىشى: مەيلى بىر بوغۇملۇق بولسۇن، مەيلى كۆپ بوغۇملۇق بولسۇن، ئايىغى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان ئۇچۇق بوغۇملۇق پېئىللارغا پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى «j-» ياكى رەۋىشداش قوشۇمچىسى «j-» قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر بوغۇم يېپىق بوغۇمغا ئايلانسىمۇ، مەزكۇر [ɛ] تاۋۇشى ئوخشاشلا ئاجىزلىشىدۇ (كېرىيىدە كۆپىنچە ئاجىزلاشمايدۇ) ۋە [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. | خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|---|---|
| dɛ- | دە- | dij | دەي |
| dɪmɛ- | دېمە- | dɪmij | دېمەي |
| iʃlɛ- | ئىشلە- | iʃlijtu | ئىشلەيدۇ |
| iʃlimɛ- | ئىشلىمە- | iʃlimijtu | ئىشلىمەيدۇ |
| b ɛ̄ (r)-mɛ- | بەرمە- | b ɛ̄ (τ)mijt-<br>m ɛ̄ (n) | بەرمەيمەن |

3.1. 6. [α]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمىغان ئەھۋالدا ئاجىزلاشماسلىقى: ئەگەر [α]،

[ɛ] تاۋۇشلىرى مەيلى سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدا ياكى ئاياغدىكى بوغۇملىرىدا كەلسۇن، ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمىسا، ياكى ئۇزۇنراق ئېيتىلسا، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسۇن، ئاجىزلاشمايدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. | خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|---|---|
| jaτ | يار | jaτim | يارىم |
| dzaj | جاي | dzajim | جايىم |
| xumā(τ) | خۇمار | xumaτi | خۇمارى |
| tama | تاما | tamajim | تامايىم |
| xijal | خىيال | xijalim | خىيالىم |
| pɛτwa | پەرۋا | pɛτwajim | پەرۋايىم |
| tɛwɛ | تەۋە | tɛwɛsi | تەۋەسى |

3.1.7. [ø] ، [o] تاۋۇشلىرىنىڭ ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە ئاجىزلىشىپ [ʊ]، [Y] تاۋۇشلىرىغا ئايلىنىش ئەھۋالى: [o] [ø] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق (يېپىق بوغۇم) سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇش ئارقىلىق بۇ بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، مەزكۇر سوزۇق تاۋۇشلار نىسبەتەن ئاجىزلىشىدۇ ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا [ʊ]، [Y] تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: «-goʃ گۆش» ، «qol — قول» ، «køz — كۆز» ، سۆزلىرىگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى قوشساق، «-sō(τ) — سورا-» ، «-k -(τ)ø̄ كۆر-» پېئىللىرىغا رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنى قوشساق، بۇ سۆزلەر تۆۋەندىكىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| g ɷ ʃi | گۆشى |
| q ɷ li | قولى |
| kYzi | كۆزى |
| s ɷ jɑp | سوراپ |
| kYjεp~kYτεp | كۆرۈپ |

شۇنىڭدەك بىرىنچى بوغۇمى مۇشۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن ۋە ئوچۇق بوغۇملۇق بولغان سۆزلەردىمۇ مۇشۇنداق ئاجىزلىشىش كۆرۈلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| b ɷ jɑn | بويۇن |
| ɷ ɣɑl | ئوغۇل |
| tYmyj | تۆمۈر |
| kYm ε̄ (τ) | كۆمۈر |

لېكىن گۇما شېۋىسى بۇ نۇقتىدا ئەدەبىي تىلغا ئوخشايدۇ.

## 3. 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

### [ɑ]/[u] نۆۋەتلىشىشى

مۇنداق نۆۋەتلىشىش بىر خىل قائىدىلىك نۆۋەتلىشىش بولۇپ، ئومۇمەن ئەدەبىي تىلدا بىرىنچى بوغۇمى [o] بىلەن، ئىككىنچى بوغۇمى [u] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى [u] تاۋۇشى [ɑ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| t ɷ qɑm | توقۇم |
| ɷ tɑn | ئوتۇن |
| ɷ jɑn | ئويۇن |
| ɷ ɽɑn | ئورۇن |
| ɷ ɣɑl | ئوغۇل |
| t ɷ xɑ | توخۇ |
| b ɷ jɑn | بويۇن |
| t ɷ kā(ɽ) | توكۇر |

[y]/ [ɛ] نۆۋەتلىشىشى

بۇمۇ بىر خىل قائىدىلىك نۆۋەتلىشىش بولۇپ، ئومۇمەن بىرىنچى بوغۇمى [ø] ياكى [y] بىلەن، ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بوغۇمى [y] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى [y] تاۋۇشى [ɛ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| Ytɛk | ئۆتۈك |
| kYŋɛl | كۆڭۈل |
| hYpɛp | هۆپۈپ |
| kYm $\bar{\varepsilon}$ (ɽ) | كۆمۈر |
| bygɛn | بۈگۈن |
| tynygɛn | تۈنۈگۈن |

لېكىن بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɑ]، [ɛ] تاۋۇشلىرى تارىخىي ئاجىزلىشىش نەتىجىسىدە [o]، [ø] گە ئايلىنىپ كەتكەن تۆۋەندىكىدەك سۆزلەردە ئىككىنچى بوغۇمدا ئوخشاشلا[u]، [y] تاۋۇشى قوللىنىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| bYʃyk | بۆشۆك |
| tYʃyk | تۆشۆك |
| ɷ τuq | ئورۇق |
| tʃ ɷ τuq | چورۇق |
| j ɷ τuq | يورۇق |
| tYmyj | تۆمۈر |
| h ɷ ʃuq | ئوشۇق سۆڭىكى |

مۇندىن باشقا تۆۋەندىكى بىر قىسىم سۆزلەردىمۇ ئىككىنچى بوغۇمدىكى [u]، [y] ئورنىغا [α]، [ε] قوللىنىلمايدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| s ɷ zuq | سوزۇق |
| mYʃyk | مۆشۈك |

[α]/[o] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| tālα- | تولا-، تولىماق، تولاش |

△ā(τ)ɣαmtʃα tālidi.

ئارغامچا تولىدى.

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| hālu | هويلا |
| tʃālu | چويلا |
| kālu | كويلا |

△tygmenniŋ kālusi

تۆگمەننىڭ كويلىسى

kāla- كولا -، كولىماق، كولاش

āliʃip ئولىشىپ (رەۋىشداش)

△āliʃip ū(r)di.

ئولىشىپ ئۇردى.

tāɣatʃ توغاچ

توغاچ شاپتۇل —tāɣatʃ ʃaptul

tāʃu - توشۇ -، تۇشىماق، توشاش

△nan tāʃumajdu.

نان توشۇمايدۇ (يېتىشمەيدۇ)

kātʃila- كوچىلا -، كوچىلىماق، كوچىلاش

āqɛt ئوقەت

△hal-āqiti jaxʃi.

هال - ئوقىتى ياخشى.

abdan ئوبدان

[i]/[a] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاترىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| idɛm | گۇما | ئادەم |

[i] / [u] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاترىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| jimʃaq | قارىقاش | يۇمشاق |

[a] / [ɛ] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| hɑxlim | ئېلچى | ئەقلىم |
| ɑlɑtʃi | گۇما | ئەلاچى |
| ɑmdi | گۇما | ئەمدى |
| jɑmbɑl | گۇما | رەممال |
| mɛslɑt | ئېلچى، قارىقاش | مەسلىھەت |
| mɑxmɑl | كېرىيە | مەخمەل |
| bitiŋkɑ | كېرىيە | بەتىنكە |
| sunɑj | ئېلچى | سۇنەي |
| kɑpkij | ئېلچى، قارىقاش | كەپكۇر |

[u]/[i] ، [y] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| sɑlqun | گۇما | سالقىن |
| kɛŋry | " | كەڭرى |

[u] / [y] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| dzup | ئېلچى، قارىقاش | جۈپ |
| gul | (خوتەن دىيالېكتىنىڭ ھەممە شېۋىلىرىدە) | گۈل |
| jugū(r) | " | يۈگۈر-، يۈگۈرمەك، يۈگۈرۈش |

[u] / [α] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| dzuwαp | (خوتەن دىيالېكتىنىڭ<br>ھەممە شېۋىلىرىدە) | جاۋاب |

## 3. 3. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

3. 3. 1. [α]، [ε] تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا گەرچە ئەدەبىي تىلدىكى [u]، [y] لەرنىڭ ئورنىغا [α]، [ε] تاۋۇشلىرى قوللىنىلسىمۇ، بۇ سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، مەزكۇر [α]، [ε] تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɷ γαl ، oγlαm | ئوغۇل، ئوغلۇم |
| ɷ ταn ، ō(τ)nαm | ئورۇن، ئورنۇم |
| kYŋεl ، køŋlεm | كۆڭۈل، كۆڭلۈم |

بۇلاردىن باشقا ئىككىنچى بوغۇمىدا [i] كەلگەن بەزى ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگىمۇ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، مەزكۇر [i] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| siŋil | سىڭىل |
| siŋlim | سىڭلىم |
| ɪgin | ئېگىن، كىيىم-كېچەك |

| | |
|---|---|
| ɛgnim | ئېگىنىم، ئەگلىم |
| ɛgniŋ | ئېگىنىڭ، ئەگلىڭ |
| pikiɪ | پىكىر |
| pikjim | پىكرىم |

3 .3 .2 . ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «-i»، «-si» دىكى [i] نىڭ چۈشۈپ قېلىشى: تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۈچۈن «-i»، «-si» قوشۇلغان سۆزلەردىن كېيىن كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، تەۋەلىك قوشۇمچىسىدىكى [i] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑnisi | ئانىسى |
| ɑnis(i)ni | ئانىسىنى |
| bɑlisi | بالىسى |
| bɑlis(i)qɑ | بالىسىغا |
| dɑwzisi | دەرۋازىسى |
| dɑwzis(i)tɑ | دەرۋازىسىدا |

△ sɛnmu tʃiqqin køl beʃ(i)qɑ,
mɛnmu tʃiqɑj køl beʃ(i)qɑ.
ojnumisɑqmɑ ojnɑjli,
dyʃmɛn gujniŋ qilmiʃ(i)qɑ.
(خەلق قوشىقى)

△ nɑwɑjniŋ t ɷ runis(i)tɑ jetibdi.

3 .4 . سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

3.4.1. [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا α—o، ε—ø شەكلىدە پەيدا بولىدىغان ئاھاڭداشلىق: خوتەن دىيالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىكى ماسلىششىتا كۆرۈلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى كۈچلۈك ئەمەس، شۇڭا بىر بوغۇملۇق [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە باشقا دىيالېكت ياكى شېۋىلەردە [u]، [y] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى بار قوشۇمچىلارنىڭ مۇشۇنداق ۋارىيانتلىرى قوشۇلسا، خوتەن دىيالېكتىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن [α]، [ε] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. م:

ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۈچۈن «-εm/-αm»:

qɷlαm (قولۇم)، kYzεm (كۆزۈم)

پېئىللارنىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى ئۈچۈن «-εp/-αp»:

bɷlαp (بولۇپ)، kYτεp (كۆرۈپ)

ئىسىمداش قوشۇمچىسى ئۈچۈن «-εʃ/-αʃ»

qɷʃαʃ (قوشۇش)، bYlεʃ (بۆلۈش)

پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەخس قوشۇمچىسى ئۈچۈن -dεm/-dαm، «-tεm/-tαm»:

qojdαm (قويدۇم)، kø̄(τ)dεm (كۆردۈم)

3.4.2. [u]، [y] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا u-//y-ε، y-y//y-ε شەكلىدە پەيدا بولىدىغان ئاھاڭداشلىق: بىر بوغۇملۇق [u]، [y] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئومۇمەن [u]، [y] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| yzyp, yz- | ئۈز- ، ئۈزمەك، ئۈزۈش، ئۈزۈپ |
| tutup, tut- | تۇت- ، تۇتماق، تۇتۇش، تۇتۇپ |
| sytym, syt | سۈت، سۈتۈم |
| putum, put | پۇت، پۇتۇم |

ئەگەر مۇنداق سۆزلەر تەكتلەنسە ياكى زەردە بىلەن ئېيتىلىپ قالسا، [α]، [ε] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| sytεm | سۈتۈم |
| putαm | پۇتۇم |

3. 4. 3. ئالدىنقى بوغۇمى [o]، ئىككىنچى بوغۇمى [α] بىلەن تۈزۈلگەن ۋە ئالدىنقى بوغۇمى [ø]، ئىككىنچى بوغۇمى [ε] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ [α]، [ε] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى: ئالدىنقى بوغۇمى [o]، [ø] تاۋۇشلىرى بىلەن، كېيىنكى بوغۇمى [α]، [ε] بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئومۇمەن [α]، [ε] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| s Ѡ qαʃ- | سوقۇش- ، سوقۇشماق، سوقۇشۇش |
| s Ѡ quʃαp | سوقۇشۇپ |
| kYt $\overline{\varepsilon}$ (τ)- | كۆتۈر- ، كۆتۈرمەك، كۆتۈرۈش |

| | |
|---|---|
| kYtyτɛp | كۆتۇرۇپ |
| tYlɛ- | تۆلە- ، تۆلىمەك، تۆلەش |
| tYlydɛm | تۆلىدىم |
| k ø̄ (τ)mɛ- | كۆرمە(بولۇشىسىز بۇير ۇقشەكلى) |
| k ø̄ (τ)mydɛm | كۆرمىدىم |
| kYm ɛ̄ (τ)- | كۆمۇر |
| kYmyjɛm | كۆمۇرۇم |

3. 4. 4. ئالدىنقى بوغۇمى [u] ياكى [y] بىلەن، كېيىنكى بوغۇمى [α] ياكى [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىكى ئاھاڭداشلىق: ئالدىنقى بوغۇمى [u] ، [y] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلۈپ، كېيىنكى بوغۇمى [α] ، [ɛ] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ئادەتتە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. تەكتىلەنسە ياكى زەردە بىلەن ئېيتىلسا، [α] ، [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ygɛn- | ئۆگەن- ، ئۆگەنمەك، ئۆگىنىش |
| ygynyp | ئۆگىنىپ |
| ygynyʃ | ئۆگىنىش (ئىسىم) |
| qulαq | قۇلاق |
| quluqαm～quluqum | قۇلىقىم |
| jyτɛk | يۈرەك |

| | |
|---|---|
| jyτykεm ~ jyτykym | يۈرىكەم |

3 . 4 . 5 . ھەر ئىككىلا بوغۇمى [u] ياكى [y] بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىكى ئاھاڭداشلىق: ھەر ئىككىلا بوغۇمى ئېگىز لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار [u]، [y] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ئادەتتە قوشۇمچىلارنىڭ [u]، [y] بىلەن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ، تەكىتلەنسە ياكى زەردە بىلەن ئېيتىلسا، [α]، [ε] لىك ۋارىيانتلىرى قوشۇلۇشى مۇمكىن. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| yzym | ئۈزۈم |
| yzymεm ~ yzymym | ئۈزۈمۈم |
| ū(τ)ɣuz- | ئۈرغۈز-، ئۈرغۈزماق، ئۈرغۈزۈش |
| ū(τ)ɣuzdαm~ū(τ)ɣuzdum | ئۈرغۈزدۈم |

3 . 5 . سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

بۇ نۇقتىدا كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز [k]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىشىدىكى بەزى مەسىلىلەردۇر.

ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كىرگەن، تەركىبىدە [k]، [g] تاۋۇشلىرى بولغان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىدە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىش ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. بۇ مەسىلىدە خوتەن دىيالېكتى قەشقەر شېۋىسىگە تامامەن ئوخشايدۇ، يەنى خوتەن دىيالېكتىدا مۇنداق سۆزلەردە تامامەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى قوللىنىلىدۇ.

ھەتتا تەركىبىدە [k]، [g] كەلگەن بەزى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىمۇ بۇ ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| gul | گۇل |
| goʃ | گۆش |
| gō(ɾ) | گۆر |
| tʃōgun | چۆگۈن |
| gol | گول، ئاخماق |
| tʃαk | چەك |
| luŋgα | لۆڭگە |
| tʃōkαn | چوكان |
| gōhɛɾ | گۆھەر |
| sok | سۆك |
| kutʃuk | كۈچۈك |
| ʃuk | شۈك |
| kutʃ | كۈچ |

3. 6. ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىششى

ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىيىندا جاراڭسىزلىشىش ئەھۋالى ئەدەبىي تىلغا ۋە شۇنىڭدەك كۆپلىگەن دىيالېكت ۋە شېۋىلەرگە ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە ئايرىم سۆزلەشنى لازىم كۆرمىدىم ۋە باشتىن - ئاياغ مىساللاردا جاراڭسىزلىشىش بەلگىسىنى قويمىدىم.

3. 7. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىششى

[q]، [k]/[ɣ]، [g] نۆۋەتلىشىشى:

ئەدەبىي تىل ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي دىيالېكتتا ئايىغى [q]، [k] بىلەن ئېيىتىلىدىغان خېلى بىر قىسىم سۆزلەردىكى تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىكى ئاخىرقى [q]، [k] تاۋۇشلىرى خوتەن دىيالېكتىدا [ɣ]، [g] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| seτiɣ ~ sejiɣ | سېرىق |
| uτuɣ | ئۇرۇق |
| ejiɣ | ئېيىق |
| ɛllig | ئەللىك |
| kitʃig | كىچىك |
| jinig | يېنىك |
| bɔjɑɣ | بوياق |
| issiɣ | ئىسسىق |
| ulɑɣ | ئۇلاق |
| qɑttiɣ | قاتتىق |
| qizziɣ | قىزىق |
| besiɣ | بېسىق |
| ʃittig | ئىتتىك |
| Ylɛg | ئۆلۈك |
| ɪkɛg | ئىكەك |

| | |
|---|---|
| kɪzig | كېزىك ( كېسەل ئىسمى ) |
| tɑhɬiɣ ~ tɑʔliɣ | تاتلىق |
| jɑmɑɣliɣ | ياماقچا |
| søzlɛg | سۆزمەن |
| qojlɑɣ | قويلۇق ، قويىبار |
| bojlɑɣ | بويلۇق ، ئېگىز |
| buɣdijøŋlɛg | بۇغداي ئۆڭلۈك |
| piʃʃiɣ | پىششىق |
| tijig ~ tiτig | تىرىك |
| ɑtʃtʃiɣ | ئاچچىق |

[dz]/[tʃ] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| mondzɑq | مونچاق |
| jɑndzuq | يانچۇق |
| qɑτɑndzuq | قارانچۇق |
| sɑɣτindzi | سارغۇچ |

bijyndzi ~ biτyndzi بىرىنچى

[n]، [m]/[ŋ] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| mɑnɑm | كېرىيە | مانان |
| ʃumqā(τ) | چىرا | شۇڭقار |

[m]، [w]/[j] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| qijmɛt | لوپ | قىممەت |
| tijip | ئىلچى | تېۋىپ |

[s]/[tʃ] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| sɑtʃqɑn | چاشقان |

[t]/[d] نۆۋەتلىشىشى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| julduz | يۇلتۇز |
| pɑldi | پالتا |
| qildiriq | قىلتىرىق |

[ʃ]//[j]~[z] نۆۋەتلىشىشى.

خوتەن دىيالېكتىدا (گۇما شېۋىسىنى ھېسابقائالمىغاندا) سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ئەدەبي تىل ۋە شىمالدىكى تۇرپان، قۇمۇل شېۋىلىرىدەك [ʑ] ئورنىغا [j] قوللىنىلىدۇ. يالغۇز گۇما شېۋىسىدىلا خۇددى قەشقەر شېۋىسىدىكىدەك سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا [j] ئورنىغا [ʑ] قوللىنىدۇ. كېرىيە چىرا - نىيە شېۋىسىدە بولسا، مۇنداق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىدە [j] تاۋۇشى [ʃ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ (جەدۋەلگە قاراڭ).

خوتەن دىيالېكتىنىڭ ھەر قايسى شېۋىلىرىدە
[ʃ]~[j]/[ʑ] نۆۋەتلىشىش ئەھۋالى

| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى | ئىلچى - قارىقاش - لوپ شېۋىسى | | | كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىسى | | | گۇما شېۋىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەدەبىي تىلى | ئىلچى | قارىقاش | لوپ | كېرىيە | چىرا | نىيە | |
| jip يىپ | jip | jip | ʃip | | | | jip~ʑip |
| jir- يىر-، يىرماق | | ji(τ)- | | | | | |
| jiτt- يىرت-، يىرتماق | ji(τ)t- | ji(τ)t- | | ji(r)t- | ji(τ)t- | ji(τ)t- | ʑi(τ)t- |
| jiɣ- يىغ-، يىغماق | jiɣ | jiɣ | | | | | ʑiɣ- |
| jiɣla يىغا يىغلا-، يىغلىماق | jiɣla- | jiɣla- | jiɣla- | jiɣla- | jiɣa<br>jiɣla- | jiɣla- | ʑiɣa<br>ʑiɣla- |
| jiɣiʃtur- يىغىشتۇرماق | | juɣuʃ<br>tū(τ)- | | | juɣuʃ<br>tū(τ)- | | |
| jiqil- يىقىل-، يىقىلماق | jiqil- | jiqil- | jiqil- | ʃiqil- | ʃiqil- | | ʑiqil-~<br>jiqil-~ʃiqil- |
| jik يىك | jik | jik | | ʃik | | | ʑik |
| jigit يىگىت | jigit | jigit | | jigit | jigit | | |
| jigirmɛ يىگىرمە | jigi(τ)-<br>mɛ | jigi(τ)-<br>mɛ | jigi(τ)-<br>mɛ | jigi(τ)-<br>mɛ | jigi(τ)-<br>mɛ | jigi(τ)-<br>mɛ | ʑigi(τ)-<br>mɛ |
| jil يىل | jil | jil | jil | jil | jil | jil | ʑil~jil |
| jilan يىلان | | jilan | | jilan | | | |
| jilqa يىلقا | jilqa | | | | | | |
| jilik ئىلىك | | | | | jilik | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| jiŋnɛ يىڭنە | jiŋnɛ | | | | | | ʐiŋnɛ |
| jyt-<br>يۈتمەك، يوقالماق | jit- | jit- | jit- | ʃit- | ʃit~jit- | ʃit- | ʃit- |
| jyr-<br>يۈر-، يۈرمەك | jy(τ)- | jy(τ)- | jy(τ)- | jy(τ)- | jy(τ)- | jy(τ)- | ʐy(τ)-<br>~jy(τ)- |
| jydy-<br>يۈدۈ-، يۈدۈمەك | jydy- | jydy- | jydy- | jydy- | | | jydy- |
| jyrɛk يۈرەك | jyτɛk | jyτɛk | jyτɛk | jyτɛk | jyτɛk | jyτɛk | ʐyjɛk |
| jyk يۈك | | | | ʃyk | | | |
| jyklɛ-<br>يۈكلە-، يۈكلىمەك | | jyklɛ- | | ʃyklɛ | | | |
| jygɛn يۈگەن | | jygɛn | | jygɛn | jygɛn | | |
| jygyr-<br>يۈگۈر-، يۈگۈرمەك | jugū<br>(τ)- | jugū<br>(τ)- | jugū<br>(τ)- | jugū<br>(τ)- | jugū<br>(τ)- | | ʐugū(τ)- |
| ju- يۇ-، يۇماق | ju- | ju- | ju- | ju- | ju- | | ʐu- |
| junda يۇندا | | jyndɛ | | | | | |
| jut-(jutum)<br>يۇت-، يۇتماق | jutum | jutum | jutum | | jutum~<br>ʃutum | | ʐutum |
| jurt يۇرت | jut | jut | jut | jut | jut | jut | ʐut |
| juq- يۇق-، يۇقماق | juq- | | ʃuq- | | | | juq- |
| juqiri يۇقىرى | juquj | juquτ | juquτ | ʃuquri | ʃuquri | ʃuquri | juquj |
| jul- يۇل-، يۇلماق | jul- | jul- | | | | | |
| julɣun | julɣun | julɣun | julɣun | julɣun | julɣun | julɣun | |
| jultuz يۇلتۇز | | | | jultuz | | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| jumila- يۇمىلماق | | | | | jumula- | | ʐumula- |
| jum-يۇمماق، يۇم- | jum- | | | | jum- | | |
| jumʃaqيۇمشاق | jumʃaq | jimʃaq | | | | | |
| jumulaqيۇمۇلاق | | jumulaq | | | | | |
| jetim يېتىم | jitim | | | jitim | | | |
| ildam ئىلدام | jildam | | | | | | |

ئەسكەرتىش: مەزكۇر سۆز مەلۇم ئورۇندا تەكشۇرۇلمەي قالغان بولسا، ئورنى ئاق قالدۇرۇلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىسىدە سۆز ئوتتۇرىسىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇش [i]، [u] نىڭ يېنىدا كەلگەن [j] تاۋۇشىمۇ [ʃ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| piʃaz | پىياز |
| quʃun | قوْيۇن |
| qiʃam | قىيام |
| piʃādɛ | پىيادە |

[h]~[ʔ]/[t] نۆۋەتلىشىشى:

خوتەن دىيالېكتىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېلچى - قارىقاش - لوپ شېۋىسىدە سۆز ئوتتۇرىسىدا بوغۇم ئايىغى بولۇپ كەلگەن [t] تاۋۇشى ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشىدا [l] تاۋۇشى كېلىپ قالسا، بوغۇز تاۋۇشلىرىدىن [ʔ] ياكى [h] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| ئىلچى - قارىقاش - لوپ شىۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| αh‡iɤ ~α?liɤ | ئاتلىق |
| tαh‡iɤ ~tα?liɤ | تاتلىق |
| αh‡αp ~ α?lαp | ئاتلاپ (رەۋىشداش) |
| øh‡ɛg | ئۆتلۈك، ناھايىتى |

ئەگەر كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشى [m] تاۋۇشى بولۇپ قالسا، پەقەت [?] بىلەن ئۆزگەتلىشىدۇ. م:

| ئىلچى - قارىقاش - لوپ شىۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| bā(τ)mαj?mɛ(n) | بارمايمەن |
| dɪmij?mɛ(n) | دېمەيمەن |
| kɛ?mɛn | كەتمەن |

[k]/[t] ئۆزگەتلىشىشى

مۇنداق ئۆزگەتلىشىش خوتەن دىيالېكتىنىڭ گۇما شىۋىسىدە پەقەت تۆۋەندىكى بىر قانچە سۆزدىلا ئۇچرايدۇ. م:

| گۇما شىۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| kil | تىل |
| killα- | تىللا -، تىللىماق، تىللاش |
| kilɛ- | تىلە-، تىلىمەك، تىلەش |

△qiziŋni kilɛjmɛ(n), dedi.

قىزىڭنى تىلەيمەن، دېدى.

[tʃ]/[t] ئۆزگەتلىشىشى:

مۇنداق ئۆزگەتلىشىشمۇ خوتەن دىيالېكتىنىڭ گۇما شىۋىسىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە سۆزدىلا كۆرۈلىدۇ. م:

گۇما شېۋىسى ئە. ت.

otʃtʃū(ɽ)- ئۇلتۇر-، ئۇلتۇرماق، ئۇلتۇرۇش

otʃtʃujɑ ئوتتۇرا

△halunuŋ otʃtʃujus(i)tɑ otʃtʃuj(u)tu.

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدۇ.

△ qɑzɑndɑ otʃtʃuj(i)tʃɛ qɛn halwisi wejkɛn.

قازاندا ئوتتۇرىچە قەن ھالۋىسى بار ئىكەن.

tʃū(ɽ)- تۇر-، تۇرماق، تۇرۇش

△tʃujā(ɽ) تۇرار

△ ō(ɽ)ni tʃū(ɽ)ɣidɛg.

ئورنى تۇرغۇدەك.

△ tʃū(ɽ)ɣili unumɑjtu.

تۇرغىلى ئۇنىمايدۇ.

[ʃ]/[j] ئۆزگىرىشى:

~~مۇنداق ئۆزگىرىش~~ ئاز ئۇچرايدۇ. م:

خو. د. خاتىرىلەنگەن ئورۇن ئە. ت.

ʃittig گۇما ئىتتىك، چاپسان

(باشقا شېۋىلەردە jittig)

ʃɛʃ- كېرىيە يەش-، يەشمەك، يېشىش

[j]/[dz] ئۆزگىرىشى:

خو. د. خاتىرىلەنگەن ئورۇن ئە. ت.

jumusɑ گۇما جۇمۇسىلا

[q]/[ɣ] ئۆزگىرىشى:

خو. د. خاتىرىلەنگەن ئورۇن ئە. ت.

sɑqin- گۇما سېغىن-، سېغىنماق،

سىغىنىش

△ dadis(i)ni saqinip qaptu.

دادىسىنى سىغىنىپ قاپتۇ.

g/w نۆۋەتلىشىشى:

مۇنداق نۆۋەتلىشىش خوتەن دىيالېكتىدا قۇمۇل، تۇرپان، كەلپىن شېۋىلىرىگە قارىغاندا، ئانچە جىق بولمىسىمۇ، كۆپىنچە كېرىيە - چىرا - نىيە شېۋىلىرىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. تۆۋەندە مىسالغا ئېلىنغان سۆزلەر كېرىيە، ئېلچى قاتارلىق جايلاردا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردا كۆرۈلگەن. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| dz ɷ ga- | جوۋا-، جوۋىماق، جوۋاش |
| haganʧa | هاۋانچا |
| halga | هالۋا |
| ɛnduga | هاندۇۋا |
| dɛlgy | دەلۋە (كۆزنەك11- ئېيى) |
| tygryk | تۆۋرۈك |
| suga- | سۇۋا-، سۇۋىماق، سۇۋاش |
| ugula- | ئۇۋۇلا-، ئۇۋۇلىماق، ئۇۋۇلاش |

تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن فونېتىكىلىق نۆۋەتلىشىشلەر خوتەن دىيالېكتىنىڭ ھەر قايسى شېۋىلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بۇ نۆۋەتلىشىشلەردە بىر فونېتىكىلىق شارائىت بايقالمىدى. شۇڭا نۆۋەتلىشىدىغان تاۋۇشلار بىلەن ئۇلارغا ئائىت مىساللار كۆرسىتىلدى. م:

| نۆۋەتلىشىدىغان تاۋۇشلار | مىسال | ئە. ت. |
|---|---|---|
| [p]/[w] | | |

| | | |
|---|---|---|
| چىۋىش | tʃipiʃ | |
| لەقۋا | lɛqpɑ | |
| چىۋەر | tʃipɛr | |
| | | [h]/[j] |
| يەنە | hini～hinɑ | |
| يېتىرقا- ، يېتىرقىماق، يېتىرقاش | hetijqɑ- | |
| | | [n]/[m] |
| مەپە | nɛpɛ | |
| زۇكام | zukɑn | |
| | | [l]/[n] |
| ھەنگان | hingɑl | |
| تەڭنە | tɛŋlɛ | |
| | | [tʃ]/[ʃ]، [s] |
| تاپشۇر- ، تاپشۇرماق | tɑptʃū(r) | |
| سوز- ؛ سوزماق، | tʃodz- | |
| | | [k]/[g] |
| سۈپۈرگە | syp ȳ (r)ki | |
| | | [z]/[s] |
| مىراس | mirɑz | |

| | | |
|---|---|---|
| | | [b]/[m] |
| رەمبال، رەمچى | jɑmbɑl | |
| | | [l]/[ɾ] |
| سەكرە-، سەكرىمەك، سەكرەش | sɛklɛ- | |
| | | [x]/[q] |
| پوقاق | p ѡ xɑq | |

### 3. 8. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

3. 8. 1. [l] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: خوتەن دىيالېكتىدا [ɑ]، [ɛ]، [o] ۋە [i] فونېمىسىنىڭ ئوتتۇرا پەسرەك ۋارىيانتى [ɨ] بىلەن تۈزۈلۈپ [l] تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان -ɑl، -tʃɑl، -qɑl، -sɑl، -kɛl، -bol، -qil پېئىللىرىغا بولۇشسىز ئۆزەك قوشۇمچىسى -mɛ/-mɑ، بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىنىڭ 2 ـ شەخس بىرلىك، كۆپلۈك تۈر قوشۇمچىلىرى، پەرەز- قارشىلىق رايى قوشۇمچىسى، زۆرۈرىيەت رايى قوشۇمچىسى، پېئىلنىڭ بىر قىسىم ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىلىرى، مەقسەت رەۋىشدىشى قوشۇمچىسى «-ɣili، -gili» قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ (ئەمەلىي مىساللىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن نۇقتىلار سۆزلەنگەندە كۆرسىتىلىدۇ).

ئەگەر پېئىل [l] تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشسىمۇ، [i] فونېمىسىنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى بىلەن ياكى [u]، [y] تاۋۇشلىرى بىلەن قۇرۇلغان بولسا، مۇنداق شارائىتتىكى [l] چۈشۈپ قالمايدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| il- | ئىل-، ئىلماق، ئىلىش |
| ilitmɛ(n) | ئىلىمەن |
| bil- | بىل-، بىلمەك، بىلىش |
| bilitmɛ(n) | بىلىمەن |
| kyl- | كۈل-، كۈلمەك، كۈلۈش |
| kylytmɛ(n) | كۈلىمەن |
| jul- | يۇل-، يۇلماق، يۇلۇش |
| julutmɛ(n) | يۇلىمەن |

3. 8. 2. [ɣ] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: ئايغى [ ] تاۋۇشى بىلەن كەلگەن سوراق ۋە كۆرسىتىش ئالماشلىرى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەي تۇرغاندا بەزىدە مەزكۇر [ ] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ʃumdɑɣ ~ ʃundā(ɣ) | شۇنداق |
| qɑjdā(ɣ) | قانداق |
| ɑndā(ɣ) | ئانداق |
| mɑmdā(ɣ) | مۇنداق |

3. 8. 3. [j] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: بىرىنچى بوغۇمى [j] بىلەن ئاياغلاشقان، ئىككىنچى بوغۇمى [τ] بىلەن باشلانغان سۆزلەردە مەزكۇر [j] چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(j)τilip | ئايرىلىپ |
| sā(j)ταp | سايراپ |
| q ε̄ (j)τilip | قايرىلىپ |
| qū(j)τuq | قۇيرۇق |

3. 8. 4. [n] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىلىرى «-sεn ، -mεn» دىكى [n] تاۋۇشى بۇ قوشۇمچىلار پېئىلنىڭ ئاخىرىدا كەلسە چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bαjitm ε̄ (n) | بارىمەن |
| bαjis ε̄ (n) | بارىسەن |
| αlαmmαsm ε̄ (n) | ئالالماسمەن |

ئەگەر بۇ قوشۇمچىلاردىن كېيىن «ikεn» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلسا، چۈشمەسلىكىمۇ مۇمكىن. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bαjitmεnkεn~bαjitm ī kεn | بارىدىكەنمەن |
| kɪlisεnkεn~kɪlis ī kεn | كېلىدىكەنسەن |

△ sεn kɪlis ī kεn, mā(n)mu ke(li)tm ε̄ (n).

سەن كېلىدىكەنسەن، مەنمۇ كېلىمەن.

لېكىن گۇما شېۋىسىدە مۇنداق شارائىتتىكى [n] چۈشۈپ قالمايدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| j ø̄ gymɛpmɛnkɛn | يۆگىمەپتىكەنمەن |
| qilɑmmɑmmɛnkɛn | قىلالمامدىكەنمەن؟ |

گۇما شېۋىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن سوراق يۈكلىمىسى -mu/-mi كەلسە، شەخس قوشۇمچىسىدىكى [n] چۈشۈپ قالماي، [m] بىلەن ئۆزۈمتىلىشىدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| bɑjā(τ)mɛmmu? | بارارمەنمۇ؟ |
| itʃipmɛmmikɛn? | ئىچىپتىكەنمەنمۇ؟ |
| itʃmɛmmɛmmikɛn | ئىچمەپتىكەنمەنمۇ؟ |

3. 8. 5. [h] كەلگەن بوغۇم: رىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: تۆۋەندىكى سۆزلەردە [h] تاۋۇشى كەلگەن بوغۇم چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| s ɛ̄ (hɛτ) | سەھەر |
| ʃ ɛ̄ (hɛτ) | شەھەر |

3. 8. 6. [ʃ] تاۋۇشى كەلگەن بوغۇمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە [ʃ] كەلگەن بوغۇم چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| tʃy(ʃy)p kɛtkɛn | چۈشۈپ كەتكەن |
| tʃy(ʃy)jgɛ | چۈشۈرگە، تۈگمەننىڭ چۈشۈرگىسى |

3.8.7. [g] تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى: گۇما شېۋىسىدە تۆۋەندىكى سۆزدە [g] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| myŋ(g)yz | مۈڭگۈز |

3.9. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

3.9.1. [p]، [k]، [q] تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلاشماسلىقى: خوتەن دىيالېكتىدا ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدا كەلگەن [p]، [k]، [q] تاۋۇشلىرىنىڭ [ɣ]، [g]، [w] گە ئايلىنىش ئەھۋالى يوق.

3.9.2. بوغۇم ئاخىرىدىكى [tʃ]، [q] تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى: بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن [tʃ]، [q] تاۋۇشلىرى كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشى [tʃ]، [q] دىن باشقا پارتلىغۇچى ياكى پارتلىغۇچى - سېرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردىن بولۇپ قالسا، ئاجىزلىشىپ [ʃ] ۋە [x] تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| αq- | ئاق-، ئاقماق، ئېقىش |
| αxti | ئاقتى |
| αxsα | ئاقسا |
| αtʃ- | ئاچ-، ئاچماق، ئېچىش |
| αʃti | ئاچتى |

ئەسكەرتىش: بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن [k] تاۋۇشىنىڭ [ç] تاۋۇشىغا ئايلىنىش ئەھۋالى، بوغۇم ئاخىرىدا ياكى ئىككى ئالدى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدا كەلگەن [g] تاۋۇشىنىڭ سېيرىلاڭغۇلىشىش ئەھۋالى ئەدەبىي جانلىق تىلغا، شۇنىڭدەك

باشقا دىيالېكتلاردىكى ئېيتىلىشىغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ترانسكرىپسىيەدە ئالاھىدە بەلگە بىلەن ئىپادىلەنمىدى ۋە بۇ يەردە ئالاھىدە بايان قىلىنمىدى.

3. 10. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى

3. 10. 1. ئوڭ ئاسسىمىلاتسىيە: خوتەن دىيالېكتىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى تۆۋەندىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ.

[s]/[t] ئاسسىمىلاتسىيىسى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| tɛssɛk | تەستەك |
| qɛssɛn | قەستەن |

[τ]، [j] [tʃ/] ئاسسىمىلاتسىيىسى:

| خو. د. | خاتىرىلەنگەن ئورۇن | ئە. ت. |
|---|---|---|
| ytʃtʃeτim | لوپ | ئۈچ يېرىم |
| hetʃtʃ $\bar{\varepsilon}$ (τ) | لوپ | ھېچ يەر |
| utʃtʃɑptim $\bar{\varepsilon}$ (n) | گۇما | ئۇچراپتىمەن |

3. 10. 2. تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە:

[n]/[l] ئاسسىمىلاتسىيىسى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| sɑmɑlliq | سامانلىق |
| ɑmɑlliq | ئامانلىق |
| ɛllik | ئەنلىك، ئېنى كەڭ |

[l]/[m] ئاسسىمىلاتسىيىسى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| qilammaj | قىلالماي |

[p]/[m] ئاسسىمىلاتسىيىسى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| dɛssɛmmidim | دەسسەپمىدىم |
| k ø̄ (ɽ)mɛmmidim | كۆرمەپمىدىم |
| ɪmip se(li)mmidiki? | ئېمىپ قالغانمىدىكىن؟ |

[tʃ]، [t]/[s] ئاسسىمىلاتسىيىسى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ejssam | ئېيتسام |
| assun | ئاتسۇن |
| assun | ئاچسۇن |

[n]/[j] ياكى [n]/[ɽ] ئاسسىمىلاتسىيىسى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| joɣaɽɽaq~joɣajjaq | يوغانراق |
| uzujjaq | ئۇزۇنراق |

3. 11. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى:

[q]/[ʃ] ئالمىشىشى

مۇنداق تاۋۇش ئالمىشىش كۆرۈلىدىغان سۆزلەر كۆپ ئەمەس.

| naʃqa | ناخشا |
|---|---|

△ østɛŋ b ɷ jidɑ nɑʃq(ɑ)ejssɑm,
dɑwzɑ tywidɛ tiŋʃɑjtu.

(خەلق قوشىقى)

3. 12. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى:

خوتەن دىيالېكتىدا ئۈزۈك تاۋۇشلار كۆپىيىپ قالىدىغان سۆزلەر كۆپ ئەمەس. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدا بىر [h] تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| himɑrɛt | ئىمارەت |
| hɛqidɛ | ئەقىدە |
| hYm ɛ̄ (r) | ئۆمۈر |
| hɑllɑŋ | ئالاڭ، ئوچۇقچىلىق |
| him | ئىم |
| himi bij | گېپى بىر |
| hɑbdɑl | ئابدال، قەلەندەر |
| heqil | ئەقىل |
| hɑxlim | ئەقلىم |

ئەدەبىي تىلدىكى «huʃ— هۇش، høl— هۆل» قاتارلىق سۆزلەر خوتەن دىيالېكتىدا «uʃ، øl» دەپ ئېيتىلىدۇ. «ŋ» تاۋۇشىنىڭ كۆپىيىشى پەقەت «mɑʃiŋnɑ- ماشىنا» دېگەن بىر سۆزدىلا كۆرۈلىدۇ.

# III خوتەن دىيالېكتىنىڭ گراماتىكىلىق (مورفولوگىيىلىك) ئالاھىدىلىكلىرى

## 1. ئىسىملار

### 1. 1. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكى -lā(τ)، -lε̄(τ) قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىن كېيىن يەنە تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلسا، قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدىكى، ئېيتىلغاندا چۈشۈپ قالىدىغان [τ] تاۋۇشى [j] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bal(i)lā(τ) | باللار |
| bal(i)liji | باللىرى |
| qulaqlā(τ) | قۇلاقلار |
| qulaqlijim | قۇلاقلىرىم |

ئەگەر كۆپلۈك قوشۇمچىسىدىن كېيىن كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ قالسا، كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-li» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bal(i)liɣa | باللارغا |

| | |
|---|---|
| ئۆيدىكىلەرگە | øjdikiligɛ |
| ئۇلارنىڭ | uliniŋ |
| ئۈرۈمچىلەرنى | yrymtʃilini kYrɛp |
| كۆرۈپ . . . | |

### 2.1. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «-m، -um//-im، -ym» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bɑlɑ, bɑlɑm | بالا، بالام |
| til, tilim | تىل، تىلىم |
| kutʃ, kutʃum | كۈچ، كۈچۈم |
| jyz, jyzym | يۈز، يۈزۈم |

[o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە، ئاياغدىكى بوغۇملىرىدا [ɑ]، [ɛ] تاۋۇشلىرى كەلگەن، يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە «-ɑm، -ɛm» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| qol, qɷlɑm | قول، قولۇم |
| køz, kYzɛm | كۆز، كۆزۈم |
| qulɑq, quluqum～ quluqɑm | قۇلاق، قۇلىقىم |
| Ytɛk, Ytykym～Ytykɛm | ئۆتۈك، ئۆتۈكۈم |
| bilɛk, bilikɛm | بىلەك، بىلىكىم |

| | |
|---|---|
| jyjɛk～jyτɛk, jyjykɛm | يۈرەك، يۈرىكىم |

لېكىن، تەكىت بىلەن ياكى زەردە بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلمىسىمۇ، شۇنىڭدەك كېيىنكى بوغۇملىرىدا [α]، [ɛ] تاۋۇشلىرى كەلمىسىمۇ، ئوخشاشلا بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ ۋە «-αm، -ɛm» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىۋېرىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| put، putαm | پۇت، پۇتۇم |
| bū(j)τuq، bū(j)τuqαm | بۇيرۇق، بۇيرۇقۇم |
| ατɛk، ατikɛm | ئېرىق، ئېرىقىم |

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ئۈچۈن «-miz، -imiz//-umiz، -ymiz (لەۋلەشىش دەرىجىسى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس)» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bαlα، bαlimiz | بالا، بالىمىز |
| til، tilimiz | تىل، تىلىمىز |
| jyz، jyzimiz ～ jyzymiz | يۈز، يۈزىمىز |
| qol, q ɷ limiz～q ɷ lumiz | قول، قولىمىز |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى ئۈچۈن -ŋ، -uŋ //-iŋ، -yŋ قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ، [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ۋە ئايىغىدىكى بوغۇملاردا [α]، [ɛ] تاۋۇشلىرى كەلگەن بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە «-αŋ، -ɛŋ» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
| --- | --- |
| bɑlɑ, bɑlɑŋ | بالا، بالاڭ |
| til, tiliŋ | تىل، تىلىڭ |
| jyz, jyzyŋ | يۈز، يۈزۈڭ |
| kutʃ, kutʃuŋ | كۈچ، كۈچۈڭ |
| qol, q ɷ lɑŋ | قول، قولۇڭ |
| køz, kYzɛŋ | كۆز، كۆزۈڭ |
| qulɑq, quluquŋ~ quluqɑŋ | قۇلاق، قۇلىقىڭ |
| Ytɛk, Ytykyŋ~ Ytykɛŋ | ئۆتۈك، ئۆتۈكۈڭ |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈرى ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدىكىدەك، «-iŋiz ،-ŋiz» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە ياكى ئايىغىدىكى بوغۇمدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە بۇ قوشۇمچىنىڭ باش سوزۇق تاۋۇشى بولغان [i] نىڭ يىلتىزغا ياكى ئۆزەككە لەۋلىشىش جەھەتتىكى ماسلىشىشى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
| --- | --- |
| bɑlɑ, bɑliŋiz | بالا، بالىڭىز |
| til, tiliŋiz | تىل، تىلىڭىز |
| jyz, jyzyŋiz | يۈز، يۈزىڭىز |
| qol, q ɷ luŋiz | قول، قولىڭىز |

gul, guluŋiz — گۈل، گۈلىڭىز

αltun, αltunuŋiz — ئالتۇن، ئالتۇنىڭىز

Ytεk, Ytykyŋiz — ئۆتۈك، ئۆتۈكىڭىز

ئەگەر تەكىتلىنىپ ياكى زەردە بىلەن ئېيتىلسا، قوشۇمچىنىڭ [i] تاۋۇشى [α]، [ε] تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ ۋە ئۇرغۇلۇق بولىدۇ. م:

خو. د. — ئە. ت.

ytεk, ytykiŋεz — ئۆتۈك، ئۆتۈكىڭىز

jyz, jyzyŋεz — يۈز، يۈزىڭىز

qol, qɷluŋαz — قول، قولىڭىز

gul, guluŋαz — گۈل، گۈلىڭىز

bulbul, bulbuluŋαz — بۇلبۇل، بۇلبۇلىڭىز

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈرى ئۈچۈن «-liji» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. م:

خو. د. — ئە. ت.

bαl(i)liji — سىلىنىڭ بالىلىرى

jyzliji — سىلىنىڭ يۈزلىرى

qolliji — سىلىنىڭ قوللىرى

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن «-ŋlā(τ)، -iŋlā(τ)//-ŋlε̄(τ)، -iŋlε(τ)//-uŋlā(τ)، -yŋlε̄(τ)»، [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردە ياكى تەكىتلىنىپ ئېيتىلغان سۆزلەردە «-αŋlā(τ)، -εŋlε̄(τ)» قوشۇمچىلىرى

قوشۇلىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| بالا، | bɑlɑ, |
| بالاڭلار | bɑlɑŋlā(τ) |
| چىش، | tʃiʃ, |
| چىشىڭلار | tʃiʃiŋlā(τ) |
| تىل، | til, |
| تىلىڭلار | tiliŋl ε̄ (τ) |
| چۈش، | tʃyʃ, |
| چۈشۈڭلار | tʃyʃyŋlε(τ) |
| گۇناھ، | gunɑ, |
| گۇناھىڭلار | gunɑjiŋlā(τ) |
| سوپۇن، | s ɷ pun, |
| سوپۇنۇڭلار | s ɷ punuŋlā(τ) |
| قول، | qol, |
| قولۇڭلار | q ɷ lɑŋlā(τ) |
| كۆز، | køz, |
| كۆزۈڭلار | kYzεŋl ε̄ (τ) |
| چاپان، | tʃɑpɑn, |
| چاپىنىڭلار | tʃɑpinɑŋlā(τ) |
| بىلەك، | bilεk, |
| بىلىكىڭلار | bilikεŋl ε̄ (τ) |

ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكى ئۈچۈن ئوخشاش «-i»، «-si» ۋە قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| tʃyʃ, tʃyʃi | چۈش، چۈشى |
| gɛp, gɪpi | گەپ، گېپى |

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە، شۇنىڭدەك [τ]، [j]، [n]، [l] تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «-si» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| dɑdɑ, dɑdisi | دادا، دادىسى |
| un, unisi | ئۇن، ئۇنى |
| uj, ujisi | ئۇي، ئۇيى |
| øj, øjisi | ئۆي، ئۆيى |
| pul, pulisi | پۇل، پۇلى |
| bij, bijsi | بىر، بىرى |

بەزى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن مەلۇم تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغان ياكى ئەمەلىي تىل شارائىتىدا ئېيتىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن تاۋۇشلار شۇ سۆزلەر تۈرلەنگەندە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا بىر [j] تاۋۇشى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| sijɑ, sijɑjim | سىياھ، سىياھىم |

| | |
|---|---|
| su, syjym | سۈ، سۈيۈم |
| pɛтwɑ, pɛтwɑjim | پەرۋا، پەرۋايىم |

### 3.1 . ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى

باش كېلىش ئەدەبىي تىلدىكىدەك نۆل فورما بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىگىلىك كېلىش «-nyŋ ، -nuŋ//-niŋ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| jɑzniŋ | يازنىڭ |
| kyznyŋ | كۈزنىڭ |
| qolnuŋ | قولنىڭ |

يۆنىلىش كېلىش «-qɑ ، -ɣɑ//-kɛ ، -gɛ (بەزى سۆزلەردە -qɛ)» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bɑzā(τ)ɣɑ | بازارغا |
| jɑʃqɑ | ياشقا |
| ɛmgɛkkɛ | ئەمگەككە |
| sizgɛ | سىزگە |
| xɛliqqɛ | خەلققە |
| qɑʃqā(τ)ɣɑ | قەشقەرگە |

چۈشۈم كېلىش «-ni» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| tʃɑmɣū(τ)ni | چامغۇرنى |

| | |
|---|---|
| بالىمىزنى | bαlimizni |

ئورۇن كېلىش «-dα ،-tα//-dɛ ،-tɛ» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| ئە. ت. | خو. د. |
| ۋاقتىدا | wαxtidα |
| ئۆيدە | øjdɛ |
| قىشتا | qiʃtα |
| ئۆتمۈشتە | øtmyʃtɛ |

چىقىش كېلىش «-din ،-tin» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| ئە. ت. | خو. د. |
| بىزدىن | bizdin |
| كەينىدىن | kɛjnidin |
| ئەمگەكتىن | ɛmgɛktin |
| ئاۋالدىن | bαldijtin |

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىزلاردا «-dun ،-tun//-dyn ،-tyn» قوللىنىلىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| ئە. ت. | خو. د. |
| قاراڭغۇدىن | qατaŋɤudun |
| كۆرۈكتىن | kɛwτyktyn |
| ئۆيدىن | øjdyn |
| ئۆگىنىشتىن | ygynyʃtyn |

## 2 . سۈپەتلەر

خوتەن دىيالېكتىدا سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسى تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ.

### 2 . 1 . كېمەيتمە دەرىجە

كېمەيتمە دەرىجە يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە ئېلچى ـ لوپ ـ قارىقاش شېۋىسىدە «-τɑq~-jɑq» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. گۇما شېۋىسىدە پۈتۈنلەي «-jɑq» قوشۇلۇش بىلەن؛ چىرا ـ كېرىيە ـ نىيە شېۋىسىدە «-jɑq~-rɑq» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ (تۆۋەندىكى مىساللار ئېلچى ـ قارىقاش ـ لوپ شېۋىسىدىن خاتىرىلەنگەن) . م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| qiziljɑq~qizilτɑq | قىزىلراق |
| boʃjɑq~boʃτɑq | بوشراق |
| j ɷ ɣɑjjɑq~j ɷ ɣɑττɑq | يوغانراق |
| dziqjɑq~dziqτɑq | جىقراق |
| kitʃigjɑq~kitʃigτɑq | كىچىكرەك |
| jittigjɑq | ئىتتىكرەك |

### 2 . 2 . ئەركىلەتمە دەرىجە

ئەركىلەتمە دەرىجە يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-ɣinɑq، -qinɑq، -kinɑk (گۇما شېۋىسىدە -ɣinɑ~-qinɑ//-ɣinɛk، -qinɛk//-kinɑ، -kinɛk، -kinɑk)» قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| uzɤinɑq | چىرايلىققىنە |
| tyzɤinɑq | تۈزگىنە |
| wɑxɑnɤinɑq | پاكارغىنە |
| ɑtʃtʃiqqinɑq | ئاچچىققىنە |
| kitʃī kinɑk~kitʃī kinɛk ~kitʃī kinɑ | كىچىككىنە |
| jɑxʃiɤinɑ~jɑxʃiɤinɛk | ياخشىغىنە |
| tɑʔliqqinɑ~tɑʔliqqinɛk | تاتلىققىنە |
| mudukkinɑk | دۇمچەككىنە |

بۇ قوشۇمچىلار بەزىدە شەخس ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ، تەكىت مەنىسىنى بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ. م:

△ pɛqɛt sɛnɤinɑq k ɛ̄ (l)midiŋ.

يالغۇز سەنلا كەلمىدىڭ.

2. 3. ئاشۇرما دەرىجە

2. 3. 1. سۈپەتلەرنى تەكرارلاش يولى بىلەن ياسالغانلار:

سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئايغىغا [p] تاۋۇشىنى قوشۇپ، ئاندىن شۇ سۈپەتنى تەكرارلاش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش [ɑ] بولسا، بۇ تاۋۇش [o]غا نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| ɑq, ɑppɑq~oppɑq | ئاق، ئاپپاق |

| | |
|---|---|
| jeʃil, jopjeʃil | يېشىل، ياپيېشىل |
| seτiɤ, sopsejiɤ | سېرىق، ساپسېرىق |
| qατα, qopqατα | قارا، قاپقارا |
| qizil, qipqizil | قىزىل، قىپقىزىل |

2. 3. 2. چىقىش كېلىش ۋاستىسى بىلەن ياسالغانلار:

بەزىدە سۆپەتلەرنىڭ بىرىنچىسىنى چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەندۈرۈپ، ئىككىنچىسىنى ئەينەن تەكرارلاش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| t ɷ ludun t ɷ lα | ناھايىتى تولا |
| uzundun uzun | ناھايىتى ئۇزۇن |
| uzαxtin uzαq | ناھايىتى ئۇزاق |

2.3.3. رەۋىشلەر ۋاستىسى بىلەن ياسالغانلار:

سۆپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى يۇقىرىقىلاردىن باشقا خوتەن ئەدەبىي تىلىدىكىدەك سۆپەتلەرنىڭ ئالدىغا ئاشۇرۇش رەۋىشلىرىنى قوشۇش بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن دىيالېكتىغا خاس بولغان ئاشۇرۇش رەۋىشلىرىدىن «xoʃmu ، xömu ، øhɬɛg~ ، øtɬɛg ، døj» قاتارلىقلار بولسىمۇ، بۇلاردىن كېيىنكى ئىككىسى پەقەت «qατα» سۆپىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| xoʃmu uzkɛn | ناھايىتىچىرايلىق ئىكەن |
| xömu jαxʃikɛn | بەك ياخشى ئىكەن |

| | |
|---|---|
| døj qɑτɑ | ناھايىتى قارا |
| øhɬɛg qɑτɑ | ناھايىتى قارا |
| tum qɑτɑ | ناھايىتى قارا |

## 3. سانلار

خوتەن دىيالېكتىدا سانلار ئومۇمەن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشايدۇ.

### 3.1. دەرىجە سانلار

دەرىجە سانلار ئۈچۈن «-undzi//-indzi، -ndzi»، «-yndzi» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. [ɛ] تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان سانلاردىكى [ɛ] تاۋۇشى [i] گە ئۆزگىرىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bij， bijindzi | بىر، بىرىنچى |
| ytʃ， ytyndzi | ئۈچ، ئۈچىنچى |
| on， onundzi | ئون، ئونىنچى |
| ɑltɛ,ɑltindzi | ئالتە، ئالتىنچى |

گۇما شېۋىسىدە ئوخشاشلا «-yndzi» قوشۇمچىسى قوللىنىلىدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| bijyndzi | بىرىنچى |
| ytʃyndzi | ئۈچىنچى |
| onyndzi | ئونىنچى |

### 3. 2. ئۆملۈك سانلار

ئۆملۈك سانلار ئۈچۈن «-øjlɛn ، -jlɛn» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. [ɛ] بىلەن ئاياغلاشقان سانلاردىكى [ɛ] تاۋۇشى [ø] گە ئۆزگىرىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bijøjlɛn | بىرەيلەن |
| ytʃøjlɛn | ئۈچەيلەن |
| t $\overline{ø}$ (τ)tøjlɛn | تۆرتەيلەن |
| αltøjlɛn | ئالتەيلەن |
| jɛttøjlɛn | يەتتەيلەن |

گوما شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچە « $\overline{ø}$ lɛ ، -lɛ» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. م:

| گوما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| ytʃ $\overline{ø}$ lɛ | ئۈچەيلەن |
| bij $\overline{ø}$ lɛ | بىرەيلەن |
| on $\overline{ø}$ lɛ | ئونەيلەن |
| αlt $\overline{ø}$ lɛ | ئالتەيلەن |

## 4. ئالماشلار

### 4. 1. شەخس ئالماشلىرى

شــەخس ئالماشلىرىدىن 2 ـ شەخس سىپايە تۈرى ئۈچۈن قــوللىنىلىدىغان «سىلى-sili» ئالمىشى قوللىنىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ 3 ـ شەخس كۆپلۈك شەكلى «— øzliji ئۆزلىرى» قوللىنىلىدۇ ۋە كۆپىنچە ياشانغان، شۇنىڭدەك ھۆرمەتلىگەن كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. م:

△øzliji n $\bar{\varepsilon}$ gɛ bāllɑ?

ئۆزلىرى نەگە باردىلا؟

ئــىككــىنـچــى شــەخــس كــۆپــلــۈك شــەكــلــى «(ɾ) $\bar{\varepsilon}$-sil ســىــلــەر» ئــادەتــتــە يــېــقــىــن كىشىلىرىگە (ئىككىنچى شەخس بىرلىكىگە) ھۆرمەت تەرىقىسىدە قوللىنىلىدۇ. م:

△ sil $\bar{\varepsilon}$ (ɾ) n $\bar{\varepsilon}$ gɛ bā(ɾ)diŋlā(ɾ) ɑdɑʃ, mɛn bā(ɾ) ɣɑndɑ iʃ(i)kɛŋliɣɑ qulpi se(li)ɣliɣdi.

ئاداش، سەن نەگە باردىڭ، مەن بارغاندا ئىشىكىڭگە قۇلۇپ سېلىنغىلىق ئىدى.

4 .2 . كۆرسىتىش ئالماشلىرى

كــۆرســىــتــىــش ئــالــمــاشــلــىــرىــدىــن ئــەدەبىي تىلىمىزدا قوللىنىلمايدىغان «tɑnɑ — ئەنە، $\bar{i}$ ئاۋۇ، mɑ — ماۋۇ (گۇما شېۋىسىدە mo)» ئالماشلىرى قوللىنىلىدۇ. « $\bar{i}$» ئالمىشى يىراقتىكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| $\bar{i}$ ɛdɛm | ئاۋۇ ئادەم |
| mɑ ɛdɛm | ماۋۇ ئادەم |

( گۇما شېۋىسىدە) ماۋۇ ئادەم    mo idɛm

△ uliniŋ Yji $\overline{i}$ jɛ(ɾ)dɛ tɑnɑ.

ئۇلارنىڭ ئۆيى ئاۋۇ يەردە، ئەنە.

△ tɑnɑ køllimu $\overline{i}$ jɛ(ɾ)dɛ tuj(u)tu.

ئەنە، كۆردىلىمۇ، ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ.

كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن « $\overline{i}$ ، mā ، ʃu» لار كېلىشلەر بىلەن تۇرلەنسە، ياكى «-dɑq» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئوخشىتىش ئالماشلىرى ياسالسا، شۇنىڭدەك «-tʃɛ» قوشۇمچىسى قوشۇلسا، ئارىلىقتا بىر [m] تاۋۇشى كۆپىيىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| māniŋ~mɑmniŋ | ماۋۇنىڭ |
| īniŋ~īmniŋ | ئاۋۇنىڭ |
| ʃuniŋ~ʃumniŋ | شۇنىڭ |
| māni~mɑmni | ماۋۇنى |
| māniŋɣɑ~mɑmniŋɣɑ~mɑmɣɑ | مانىڭغا |
| mɑniŋdin~mɑmniŋdin | مانىڭدىن |
| īni~īmni | ئاۋۇنى |
| ʃuni~ʃumni | شۇنى |
| mɑmdā(ɣ)~mɑmdɑɣ | مۇنداق |
| īmdɑɣ | ئاۋۇنىڭدەك |
| ʃumdā(ɣ)~ʃumdɑɣ | شۇنداق |

| | |
|---|---|
| مۆشۆنداق | moʃumdaɣ |
| مۆنچە | mamtʃɛ |
| مۆنچىلىك | mamtʃilik |

△ mamtʃɛ n ɷ mujum bā(ᴛ), pitigsiz dijtu.

مۆنچە نومۆرۆم بار، پۆتۆكسىز، دەيدۆ.

نىيە شېۋىسىدە بەزى كۆرسىتىش ئالماشلىرىغا ئورۆن كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە چىقىش كېلىش قوشۆمچىلىرى قوشۆلغاندا، ئالماش بىلەن كېلىش ئارىلىقىدا بىر «-niŋ» كۆپىيىپ قالمايدۆ. م:

△ bu aʃni āɣa~uɣa usup qojdam.

بۆ ئاشنى ئاۋۆنىڭغا ~ ئانىڭغا ئۆسۆپ قويدۆم:

△ aʃtin māɣimu bɛ(ᴛ)gin.

ئاشتىن مانىڭغىمۆ بەرگىن.

△ kitapni aʃudin aldim.

كىتابنى ئاشۆنىڭدىن ئالدىم.

△ ādimu pul bā(ᴛ), mādimu pul bā(ᴛ).

ئانىڭدىمۆ پۆل بار، مانىڭدىمۆ پۆل بار.

بەلگىسىز ئالماشلاردىن «būniqatʃan — ئاللىقاچان»، «pɛmistimani~pɛmidimani — پالانچى» لار قوللىنىلىدۆ. م:

△ būniqatʃan qi(li)p boldam

ئاللىقاچان قىلىپ بولدۆم.

△ pɛmidimanilā(ᴛ) ke(li)ptimiʃ.

پالانچىلار كەپتۆدەك.

3.4. سوراق ئالماشلىرى

بەزى سوراق ئالماشلىرىدىن كېيىن «-tu» قوشۆپ

قوللىنىلىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| خو. د. | ئە. ت. |
| kimtu | كىم |
| nɪmity | نېمە؟ نېمىدۇ؟ |
| qɛj $\overline{ɛ}$ (τ)ditu | قەيەردە، قەيەردىدۇ؟ |

بۇ نۇقتا قۇمۇل شېۋىسىدىكىگە ئوخشايدۇ.

## 5. رەۋىشلەر

ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «hazir» ياكى «heli» نىڭ ئورنىغا «saj» ۋە ئۇنىڭ ئايىغىغا «-qi»، «-tinqi» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكلى قوللىنىلىدۇ. بۇ رەۋىش خوتەن دىيالېكتىدا سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن سەل ئىلگىرىكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

م:

| | |
|---|---|
| △saj kɛldim-jɑ mɛn. | مەن ھېلى كەلدىم. |
| △ sɑjtin kɪbdim texi. | ھېلى كېلىۋىدىم تېخى. |

△ sɑjiqi gɑdɑj sɪniŋ dɑdɑŋmɑ?

ھازىرقى ئادەم سېنىڭ داداڭمۇ؟

| | |
|---|---|
| △sɑjtinqi iʃni dɛmlɑ? | ھازىرقى ئىشنى دەمدىلا؟ |

ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «opul-topul» نىڭ ئورنىغا

«$\overline{ø}$ milɑqmɑn» سۆزى قوللىنىلىدۇ، م.

△ $\overline{ø}$ milɑqmɑn mɪni kɛ(l)midiŋ dijtu, Yzimu kɛ(l)-
mɛglig mɑnɑ!

ئوپۇل - توپۇل مېنى كەلمىدىڭ، دەيدۇ، مانا ئۆزىمۇ

كەلمىدى.

تەكىت مەنىسىدىكى «zɑdi» رەۋىشىنىڭ ئورنىغا «høddɛs» ، «tɛmmɛt» «ɣɷ li» رەۋىشلىرى قوللىنىلىدۇ. م:

△høddɛs bij iʃqɑ unumɑjtu.

بىر ئىشقا زادى ئۇنۇمايدۇ.

△ su tɛmmɛt qā(l)ṃɑptu.

سۇ زادى قالماپتۇ.

△u ɛlliglidɛ bā(ɾ)tu, ʃundā(ɣ)midɑ ɣɷ li?

ئۇ (نىڭ يېشى) ئەللىكلەردە باردۇ، شۇنداقمىدۇ، زادى؟

ئىسىملارنىڭ ئايىغىغا «-tʃɛ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدىغان رەۋىشلەر كەڭ قوللىنىلىدۇ. م:

△kɛwjyktʃɛ øttɛm. كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتتۇم.

△joltʃɛ mɑŋdim. يول بىلەن ماڭدىم.

ئاشۇرۇش رەۋىشلىرىدىن «xoʃmu ، xōmu ، døj ، øhɨɛg» قوللىنىلىدۇ (سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىگە قاراڭ).

## 6. پېئىللار

### 1.6. پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى: 1.1.6. ئىمكانىيەت تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ ئىمكانىيەت تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى خۇددى ئەدەبىي تىلدىكىدەك «-ɑ ، -ɛ/-j» لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن «ɑl-» ياردەمچى پېئىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. ئالدى

سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىزلاردا «-ɑl» پېئىلى «-ɛl» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. بولۇشسىز ئۆزەكلەردە «-al» پېئىلىدىكى [l] تاۋۇشى تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ [m] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑlɑlidim | ئالالىدىم |
| dijɛlidim | دېيەلىدىم |
| ɑlɑlijtm ɛ̄ (n) | ئالالايمەن |
| jɛ(jɛ)mmidim | يېيەلمىدىم |
| ɑlɑlibdim | ئالالىۋىدىم |
| ɑlɑliptim ɛ̄ (n) | ئالالاپتىمەن |
| ɑlɑmmɑptim ɛ̄ (n) | ئالالماپتىمەن |
| ɑlɑlimmitim ɛ̄ (n) | ئالالاپتىمەنمۇ |
| ɑlɑmmɑmmiti-m ɛ̄ (n) | ئالالماپتىمەنمۇ |
| ɑlɑmmɑmmidim | ئالالماپمىدىم |
| ɑlɑlɑmtim ɛ̄ (n) | ئالالامدىمەن |
| iʃlij ɛ̄ (τ)m ɛ̄ (n) | ئىشلىيەلەرمەن |
| iʃlij ɛ̄ (l)mɛssɛmmu | ئىشلىيەلمەسسەنمۇ |
| Ytɛlijtqɑntimɛ(n) | ئۆتەلەيدىغاندىمەن |
| Ytɛmmijtqɑntimiz | ئۆتەلمەيدىغاندىمىز |
| ʊ qujɑlijtmikɛn | ئوقۇيالايدىكەنمەن |
| ʊ qujɑmmɑmtimikɛn | ئوقۇيالمامدىكەنمەن؟ |
| ɑlɑlijttim | ئالالايتتىم |
| ɑlɑmmɑjttim | ئالالمايتتىم |
| dɛssijɛlijttim | دەسسىيەلەيتتىم |

6.1.2. باشلانما تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى: پېئىلنىڭ باشلانما تۇسلۇك ئۆزەكلىرى خوتەن دىيالېكتىدا «-ɤili ، -gili // -kili ، -qili» بىلەن ئىپادىلەنگەن مەقسەت رەۋىشداشلىرىدىن كېيىن كۆپىنچە «-tuτ ، -qop» پېئىللىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

△lopqα bā(τ)ɤili qoptαm لوپقا بارغىلىۋاتىمەن

△ αʃ piʃqili qopti ئاش پىشقىلىۋاتىدۇ

△ mɛn tαmαq jigili qoptαm مەن تاماق يېگىلىۋاتىمەن

△ jαtqili qoptαŋmα ياتقىلىۋاتامسەن؟

△ b ɷ lαŋlā(τ) qā(l)miɤili qopti

چاپسان بولۇڭلار، تۆگەپ كېتەي دەۋاتىدۇ.

△ nejαqqα kɛtmɛŋlā(τ), αʃ tɛjjā(τ) bō(l)ɤili tū(τ)di

يىراققا كەتمەڭلار، ئاش تەييار بولغىلىۋاتىدۇ.

△ ī ʃiŋɤα bā(r)ɤili tuj(u)tm ɛ̄ (n). شۇ ياققابارغىلىۋاتىمەن

6.1.3. چەكلىمىسىز تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى: پېئىلنىڭ چەكلىمىسىز تۇسلۇك ئۆزەكلىرى «-α ، -ɛ/-j» لىق رەۋىشداشلارغا «bɛτ- >w ɛ̄ (τ)» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. رەۋىشداشنى تەشكىل قىلغان [α]، [ɛ] تاۋۇشلىرى شۇنىڭدەك ئاياغدىكى بوغۇمى [α]، [ɛ] تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ مەزكۇر تاۋۇشلار [i] گە ئايلىنىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئال -، ئېلىۋەردىم | αl- el ī w ɛ̄ (τ)dim |

ئېلىۋېرىمەن — el ī̄ wejitm ε̄ (n)

ئېلىۋېرەتتۇق — el ī̄ weτ(i)ttyk

بەر-، بېرىۋەردىڭ — bε(τ)-, bij ī̄ w ε̄ (τ)diŋ

بېرىۋېرىمەن — bij ī̄ wejitm ε̄ (n)

ئىشلە-، ئىشلەۋەردىم — iʃlε-, iʃlijw ε̄ (τ)dim

ئوقۇ-، ئوقۇۋەردىڭىز — ūqu-, ūqujw ε̄ (τ)diŋiz

ماڭ-، مېڭىۋېرىڭ. — maŋ-, meŋ ī̄ wejiŋ

6.1.4. تامامالانما تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى: پېئىلنىڭ تاماملانما تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى «-p» لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن «-at» پېئىلى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. ئەمەلىي ئېيتىلىشتا [p] تاۋۇشى [w] غا ئايلىنىدۇ. [α]، [ε] بىلەن ئاياغلاشقان يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردە بۇ سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىشىپ [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
| --- | --- |
| iʃlε-, iʃliwattim | ئىشلە-، ئىشلەۋاتتىم |
| jε-, jɪwattim | يە-، يەۋاتتىم |
| soj-, sɷjuwattim | سوي-، سويۇۋاتتىم |
| b ε̄ (τ)-, bɪjiwattim | بەر-، بېرىۋاتتىم |
| iʃliwatɬα | ئىشلەۋاتتىلا |
| iʃliwatmillα | ئىشلەۋاتمىدىلا (يەنى ئىشلەپ تۈگەتمىدىلە) |

6.2. پېئىل دەرىجىلىرى

پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى، پېئىل دەرىجىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلار، پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ بىلدۈرىدىغان

مەنىلىرى ۋە قوللىنىلىشى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش. پەرقلىق نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

6.2.1. ئۆملۈك دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى: ئۆملۈك دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە ۋە مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللاردا قوشۇمچىدىكى [u]، [y] سوزۇق تاۋۇشلىرى ئورنىغا [α]، [ε] نى قوللىنىش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

ئۆملۈك دەرىجە ئۇچۇن:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| kYjεʃtim~kYτεʃtim | كۆرۈشتۈم |
| s ɷ qαʃti | سوقۇشتى |
| bYlεʃti | بۆلۈشتى |

ئۆزلۈك دەرىجە ئۇچۇن:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| kYjεndim~kYτεndim | كۆرۈندۈم |
| s ɷ zαldi | سوزۇلدى، كېرىلدى |

مەجھۇل دەرىجە ئۇچۇن:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| q ɷ ʃαldi | قوشۇلدى |
| ɷ jαldi | ئويۇلدى |

6.2.2. مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى: مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇچۇن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل يىلتىزلىرىدا ياكى ئۆزەكلىرىدە ئەدەبىي تىلىمىزدىكىدەك «-t» قوشۇمچىسى قوللىنىلغاندىن باشقا، ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن

ئاياغلاشقان يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە كۆپىنچە «-dȳ(τ)، -dū(τ)، -tȳ(τ)، //-tū(τ)» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| tεp- | تەپ- |
| tεptȳ(τ)dym | تەپتۈردۈم |
| tut- | تۇت- |
| tuttū(τ)dum | تۇتتۇردۇم |
| bε̄(τ)- | بەر- |
| bε̄(τ)dy(τ)dym | بەرگۈزدۈم |
| αl- | ئال- |
| αldū(τ)dum | ئالدۇردۇم |

لېكىن گۇما شېۋىسى ۋە چىرا - كېرىيە - نىيە شېۋىلىرىدە بۇ قوشۇمچىلار بىلەن بىللە «-ɤuz، -quz//-gyz، -kyz» قوشۇمچىلىرى ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| tεpkyzdym~tεptȳ(τ)dym | تەپتۈردۈم |
| tutquzdum~tuttū(τ)dum | تۇتتۇردۇم |

خوتەن دىيالېكتىنىڭ ھەممىلا شېۋىلىرىدە [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىزلاردا بۇ قوشۇمچىلاردىكى [u]، [y] سوزۇق تاۋۇشلىرى ئورنىغا [α]، [ε] تاۋۇشلىرى قوللىنىلىدۇ. م:

| ئه. ت. | خو. د. |
| --- | --- |
| قوش- | qoʃ- |
| قوشتۇردۇم | qoʃtā(τ)dim |
| سوز- | soz- |
| سوزدۇردۇم | sozdā(τ)dim |
| ئۆس- | øs - |
| ئۆستۇردۇم | øst ε̄ (τ)dim |
| كۆپ- | køp- |
| كۆپتۇردۇم | køpt ε̄ (τ)dim |
| كۆي- | køj- |
| كۆيدۇردۇم | købjd ε̄ (τ)dim |
| ئۆت- | øt - |
| ئۆتكۈزدۇم | øtkεzdim |
| توي- | toj - |
| تويدۇردۇم | tojɣɑzdim |

6 . 2 . 3. بىر بوغۇملۇق [tʃ] ، [ʃ] بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللار ۋە -tʃiq پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى: بىر بوغۇملۇق [tʃ] ، [ʃ] بىلەن ئاياغلاشقان يىلتىزلارغا ۋە بىرلا «-tʃiq» پېئىلغا ئەدەبىي تىلدىكىدەك «-ū(τ)، -//-ā(τ)
-ε̄ (τ)، ȳ (τ)» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| كۆچ - | køtʃ- |
| كۆچۈردۈم | kYtʃ ε̄ (τ)dim |
| ئۆچ - | øtʃ- |
| ئۆچۈردۈم | Ytʃ ε̄ (τ)dim |
| ئىچ - | itʃ- |
| ئىچۈردۈم | itʃ ȳ (τ)dym |
| قاچ - | qɑtʃ- |
| قاچۇردۇم | qɑtʃū(τ)dum |
| چۈش - | tʃyʃ- |
| چۈشۈردۈم | tʃyʃ ȳ (τ)dym |
| پىش - | piʃ- |
| پىشۇردۇم | piʃū(τ)dum |
| چىق - | tʃiq- |
| چىقاردىم | tʃiqā(τ)dim |

### 6 . 3 . پېئىللارنىڭ رايلىرى

6 . 3 . 1 بۇيرۇق - تەلەپ رايى: پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-j ، -ɑj ، -uj//-ij ، -yj» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ياسا - | jɑsɑ- |
| ياساي | jɑsɑj |

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑl- | ئال - |
| ɑlɑj | ئالاي |
| b $\bar{\varepsilon}$ (r)- | بەر- |
| bijij | بېرەي |
| itʃ- | ئىچ - |
| itʃij | ئىچەي |
| k $\bar{ø}$ (r)- | كۆر - |
| kYjyj | كۆرەي |
| q ɷ ʃ- | قوش - |
| q ɷ ʃuj | قوشاي |

يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرنىڭ ئايىغىدىكى بوغۇم [ε] بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، ئوخشاشلا [ε] تاۋۇشى [i] غا ئايلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| iʃlε- | ئىشلە- |
| iʃlij | ئىشلەي |
| k $\bar{\varepsilon}$ (l)mε- | كەلمە - |
| k $\bar{\varepsilon}$ (l)mij | كەلمەي |

بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن «-jli، -ili» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئايىغىدىكى [ε] تاۋۇشى [i] غا ئايلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑl- | ئال - |
| ɑlili | ئالايلى |

| | |
|---|---|
| ئالما - | ā(l)mɑ |
| ئالمايلى | ɑlmɑjli |
| كەت - | kɛt- |
| كېتەيلى | kɪtili |
| كەتمە- | kɛtmɛ- |
| كەتمەيلى | kɛtmijli |
| ئۈز - | yz- |
| ئۈزەيلى | yzili |
| ئۈزمە - | yzmɛ- |
| ئۈزمەيلى | yzmijli |

پەقەت نىيە ناھىيىسىدىلا بەزى ھاللاردا «-liŋ»، -uliŋ//-iliŋ، «-jliŋ//-yliŋ» قوشۇمچىسى قوللىنىلىدۇ. م:

| ئە. ت. | نىيە ناھىيىسىدە |
|---|---|
| ئەت - | ɛt- |
| ئېتەيلى | ɪtiliŋ |
| ئال- | ɑl- |
| ئالايلى | ɑl(i)liŋ |
| سورا- | sō(r)- |
| سورايلى | s ɷ τuliŋ |
| كۆر - | k ø̄ (τ)- |
| كۆرەيلى | kYτyliŋ |
| قىلما- | qilmɑ- |
| قىلمايلى | qilmɑjliŋ |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى ئۆچۈن يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردىن كېيىن «-ɣin ، -qin//-gin ، -kin» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bā(ɾ)- | بار - |
| bā(ɾ)ɣin | بارغىن |
| kɛ̄ (l)- | كەل - |
| kɛ̄ (l)gin | كەلگىن |
| itʃ- | ئىچ - |
| itʃkin | ئىچكىن |
| tos- | توس - |
| tosqin | توسقىن |
| køtʃ- | كۆچ - |
| køtʃkin | كۆچكىن |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈرى ئۆچۈن يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-ŋ ، -uŋ//-iŋ ، -juŋ//-yŋ» ، [o] ، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىزلارغا «-ɑŋ ، -ɛŋ» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ.
م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| iʃlɛ- | ئىشلە - |
| iʃlɛŋ | ئىشلەڭ |

| | |
|---|---|
| بىل - | bil- |
| بىلىڭ | biliŋ |
| تۇت - | tut- |
| تۇتۇڭ | tutuŋ |
| كۈل - | kyl- |
| كۈلۈڭ | kylyŋ |
| يۇ - | ju- |
| يۇيۇڭ | jujuŋ |
| كۆر - | k ø̄ (τ)- |
| كۆرۈڭ | kYjɛŋ |
| قوي - | qoj - |
| قويۇڭ | q ɷ jɑŋ |

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن ئىككىنچى شەخس بىرلىكتە قوللانغان قوشۇمچىلارنىڭ ئايىغىغا «- lā(τ)» قوشۇلىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئوينا - | ojnɑ- |
| ئويناڭلار | ojnɑŋlā(τ) |
| بەر - | b ɛ̿ (τ)- |
| بېرىڭلار | bɪjiŋlā(τ) |
| توس - | tos- |
| توسۇڭلار | t ɷ sɑŋlā(τ) |

| | |
|---|---|
| k ø̄ (τ)- | كۆر - |
| kYjεŋlā(τ) | كۆرۈڭلار |

پەس سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلۈپ [l] بىلەن ئاياغلاشقان تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈرى ۋە كۆپلۈك شەكلىدە مەزكۇر [l] تاۋۇشى كەلگەن بوغۇم چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑl- | ئال- |
| eliŋ~e(li)ŋ | ئېلىڭ |
| e(li)ŋlā(τ) | ئېلىڭلار |
| qɑl- | قال- |
| qeliŋ~qe(li)ŋ | قېلىڭ |
| qe(li)ŋlā(τ) | قېلىڭلار |
| sɑl- | سال- |
| seliŋ~se(li)ŋ | سېلىڭ |
| se(li)ŋlā(τ) | سېلىڭلار |
| tʃɑl- | چال- |
| tʃeliŋ~tʃe(li)ŋ | چېلىڭ |
| tʃe(li)ŋlā(τ) | چېلىڭلار |
| kεl- | كەل- |
| keliŋ~ke(li)ŋ | كېلىڭ |
| ke(li)ŋlā(τ) | كېلىڭلار |

| | |
|---|---|
| قىل- | qil- |
| قىلىڭ | qiliŋ~qi(li)ŋ |
| قىلىڭلار | qi(li)ŋlā(τ) |

بۇيرۇق - تەلەپ رايىنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈرىدە «-silɛ, - silα» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. بىلەن ئاياغلاشقان يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردە بۇ [j]~[τ]، [l] تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئال - | αl- |
| ئالسىلا | ā(l)silα |
| بەر - | b $\overline{\varepsilon}$ (τ)- |
| بەرسىلە | b $\overline{\varepsilon}$ (τ)silɛ |
| توس - | tos- |
| توسسىلا | tossilα |
| ئۈز - | yz- |
| ئۈزسىلە | yzsilɛ |

لېكىن، گۇما شىۋىسىدە پەقەت «-sɛ» قوللىنىلىدۇ ۋە بۇ قوشۇمچىدىكى [ɛ] تاۋۇشى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىدۇ. م:

△ gunαjimdin øssɛ. گۇناھىمدىن ئۆتسىلە.

ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكى ئۈچۈن ئوخشاشلا «-syn ،-sun» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئال - | αl- |
| ئالسۇن | ā(l)sun |

| | |
|---|---|
| بەر - | $b\bar{\varepsilon}(\tau)$- |
| بەرسۇن | $b\bar{\varepsilon}(\tau)$syn |
| سورا - | sō(τ)- |
| سورسۇن | sō(τ)sun |
| كەت - | kɛt- |
| كەتسۇن | kɛssyn |

6 . 3 . 2 . پەرەز - قارشلىق رايى: پەرەز - قارشلىق رايى ئەدەبىي تىلدىكىدەك «- sɛ ، - sɑ» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| بەر - | $b\bar{\varepsilon}(\tau)$ - |
| بەرسەم | $b\bar{\varepsilon}(\tau)$sɛm |
| ئال - | ɑl - |
| ئالسام | ā(l)sɑm |

بولۇشسىز فورمىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىزلاردا بولۇشسىزلىق فورمىسى «-mɛ ، -mɑ» لەردىكى [ɑ] ، [ɛ] تاۋۇشلىرى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئۈزمە - | yzmɛ- |
| ئۈزمىسەم | yzmysɛm |
| تۇتما - | tutmɑ- |
| تۇتمىسام | tutmusɑm |

(ئەسكەرتىش: بۇ يەردىكى لەۋلىشىش بەك ئاجىز بولىدۇ)

بۇ فورمىدىن كېيىن «-tʃu» يۈكلىمىسى قوشۇلۇش بىلەن
ئارمان مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئالساڭچۇ | ā(l)sɑŋtʃu |
| كەلسەڭچۇ | k ε̄ (l)sεŋtʃu |

△ ʃu tujuxtɑ k ε̄ (l)sitʃu?

شۇ تۇرقىدا كەلسىچۇ؟

6.3.3. زۆرۈرىيەت رايى: پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت رايى بولۇشلۇق، بولۇشسىز يىلتىز ۋە ئۆزەكلەرگە «-ɣu»، -gy//- قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىمداشلاردىن كېيىن «-ky، qu-» «-lyk، luq» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

△ qimmɑŋ dɪgεn iʃni qimmiɣuluq.

قىلماڭ دېگەن ئىشنى قىلماسلىق كېرەك.

△ lɑzim bō(l)ɣɑndiki(n) ē(li)wā(l)ɣuluqti.

لازىم بولغاندىن كېيىن ئېلىۋېلىش لازىم ئىدى.

△ mɑmni dɪgylykti, mɑmni dɪmigylykti~dɪgylyk εmεsti

بۇنى دېيىش لازىم ئىدى، بۇنى دېمەسلىك كېرەك ئىدى.

△ n ī bɑjniŋ bɑl(ɑ)liri øtkεndi(n)ki(jin) ʃuni qā(r)liɣuluqidi.

نى باينىڭ باللىرى ئۆتكەندىن كېيىن شۇلارغا قاراش لازىم ئىدى.

△ ʃu diwεŋgimu ʃu gεpni dɪgylykmu?

شۇ گالۋاڭغىمۇ شۇ گەپنى دېيىش لازىممىدى؟

△ bilmigεnni bilgεndin sō(r)ɣuluqkεn.

بىلمىگەننى بىلگەندىن سوراش كېرەك ئىكەن.

△ ʃumdaɣ ɛdɛmdinmu mɛslɑt sō-(τ)ɣuluqmiʃ?

شۇنداق ئادەمدىنمۇ مەسلىھەت سوراش كېرەكمىش؟

بەزى شارائىتلاردا بۇ پېئىل ئېنىق كەلگۈسى زامان پېئىلى بىلدۈرگەن مەنىسىنمۇ بىلدۈرۈپ قالىدۇ. م.

△mɛzmut ō(l)tu(τ)miɣɑndiki(n) jiqɑp tʃyʃkylyk ʃundaɣ.

چىڭ ئولتۇرمىغاندىن كېيىن يىقىلىپ چۈشىدۇ، شۇنداق.

△bij jol ɛdɛm bō(l)ɣili wommɑjtu, dɛt dɛt ɛdɛm bō(l)-ɣuluq, dɛt-dɛt hɑqliɣɑ kɛ(l)gylyk.

بىراقلا ئادەم بولغىلى بولمايدۇ، ئاستا - ئاستا ئادەم بولىدۇ، ئاستا - ئاستا ئەقلىگە كېلىدۇ.

پېئىلنىڭ بۇ رايىنى ئىپادە قىلغان فورما بەزىدە ئەدەبىي تىلدىكىدەك ئىسىم مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. م:

△ mɛndin ā(li)tqɑn ā(l)ɣuluquŋni ɑl.

مېنىڭدىن ئالىدىغان ئالغۇلۇقۇڭنى ئال.

△ qi(l)ɣuluqni sen qildiŋ, bɑlājiŋɣɑ mɛn qɑldim.

قىلغۇلۇقنى سەن قىلدىڭ، بالايىڭغا مەن قالدىم.

△ kø̄(τ)gylykni kø̄(τ)dɛk, wɑjdzɑn, bɑjitqɑn jɛ̄(τ) ɛmɛskɛn u jɛ(τ).

كۆرگۈلۈكنى كۆردۈق، ۋايجان، ئۇ يەر بارىدىغان يەر ئەمەس ئىكەن.

6.3.4. بايان رايى:

A. ئۆتكەن زامان پېئىللىرى:

① ۋاسىتىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى: بۇ پېئىل يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە بىرىنچى شەخس بىرلىكتە -dim//-tim، -dum//-tum، -dym، -tym، كۆپلۈكتە -duq،

-tyk، -dyk//-tuq قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن؛ ئىككىنچى شەخس
بىرلىك ئاددىي تۈرىدە -tyŋ، -dyŋ//-tuŋ، -duŋ//-tiŋ، -diŋ، سىپايە
تۈرىدە -dyŋiz//-tuŋiz، -duŋiz//-tiŋiz، -diŋiz،
-tyŋiz، ھۆرمەت تۈرىدە -lɛ، -la قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن؛
ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكتە dyŋlɛ(τ)، -duŋlā(τ)//-tiŋlā(τ)، -diŋlā(τ)
-tyŋlɛ(τ)، //-tuŋlā(τ) قوشۇلۇش بىلەن، ئۈچىنچى شەخس بىرلىك،
كۆپلۈكتە ئوخشاشلا -di، -ti قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

بىرىنچى شەخس:

| بىرلىك خو. د. | بىرلىك ئە. ت. | كۆپلۈك خو. د. | كۆپلۈك ئە. ت. |
|---|---|---|---|
| αldim | ئالدىم | αlduq | ئالدۇق |
| tαptim | تاپتىم | tαptuq | تاپتۇق |
| ū(τ)dum | ئۇردۇم | ū(τ)duq | ئۇردۇق |
| yzdym | ئۈزدۈم | yzdyk | ئۈزدۈق |
| uʃtum | ئۇچتۇم | uʃtuq | ئۇچتۇق |
| pyttym | ئىشەندىم | pyttyk | ئىشەندۇق |

ئىككىنچى شەخس:

| بىرلىك ئاددىي تۈر خو. د. | بىرلىك ئاددىي تۈر ئە. ت. | كۆپلۈك خو. د. | كۆپلۈك ئە. ت. |
|---|---|---|---|
| αldiŋ | ئالدىڭ | αldiŋlā(τ) | ئالدىڭلار |
| tαptiŋ | تاپتىڭ | tαptiŋlā(τ) | تاپتىڭلار |
| ū(τ)duŋ | ئۇردۇڭ | ū(τ)duŋlā(τ) | ئۇردۇڭلار |
| yzdyŋ | ئۈزدۈڭ | yzdyŋl ε̄ (τ) | ئۈزدۈڭلار |

| | | | |
|---|---|---|---|
| tuttuŋ | تۇتتۇڭ | tuttuŋlā(τ) | تۇتتۇڭلار |
| tʃyʃtyŋ | چۈشتۈڭ | tʃyʃtyŋl ε̄ (τ) | چۈشتۈڭلار |

بىرلىك سىپايە تۈرى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑldiŋiz | ئالدىڭىز |
| tɑptiŋiz | تاپتىڭىز |
| ū(τ)duŋiz | ئۇردىڭىز |
| yzdyŋiz | ئۈزدىڭىز |
| tuttuŋiz | تۇتتىڭىز |
| tʃyʃtyŋiz | چۈشتىڭىز |

بىرلىك ھۆرمەت تۈرى:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑl(di)lɑ | ئالدىلا |
| tɑp(ti)lɑ | تاپتىلا |
| ū(τ)llɑ | ئۇردىلا |
| kɛl(di)lɛ | كەلدىلە |
| b ε̄ (τ)llɛ | بەردىلە |
| jɪllɛ | يېدىلە |
| jɑsillɑ | ياسىدىلا |

ئۈچىنچى شەخس:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑldi | ئالدى |

| | |
|---|---|
| تاپتى | tαpti |
| ئۇردى | ū(τ)di |
| چۈشتى | tʃyʃti |

[o] ، [ø] بىلەن تۈزۈلگەن پېئىل يىلتىزلىرىدا بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكى ئۈچۈن قوللىنىلغان قوشۇمچىلاردىكى [i] ، [u] ، [y] تاۋۇشلىرى، شۇنىڭدەك ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى ۋە ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن قوللىنىلغان قوشۇمچىلاردىكى [i] ، [u] ، [y] تاۋۇشلىرى بىردەك [α] ، [ɛ] گە ئايلىنىدۇ. م:

بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكى ئۈچۈن:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| بولدۇم | bɔldαm |
| بولدۇق | boldαq |
| قوشتۇم | qoʃtαm |
| قوشتۇق | qoʃtαq |
| كۆردۈم | k ø̄ (τ)dɛm |
| كۆردۈق | k ø̄ (τ)dɛk |
| ئۆتتۈم | øttɛm |
| ئۆتتۈق | øttɛk |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈكى ئۈچۈن:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| بولدۇڭ | boldαŋ |
| بولدۇڭلار | boldαŋlā(τ) |

| | |
|---|---|
| قوشتۇڭ | qoʃtαŋ |
| قوشتۇڭلار | qoʃtαŋlā(τ) |
| كۆردۇڭ | k ø̄ (τ)dεŋ |
| كۆردۇڭلار | k ø̄ (τ)dεŋl ε̄ (τ) |
| ئۆتتۇڭ | øttεŋ |
| ئۆتتۇڭلار | øttεŋl ε̄ (τ) |

ئەگەر بۇ پېئىل سۆزلىگۈچىنىڭ نەزەرىدە تەكىتلىنىپ ئېيتىلغان بولسا، ياكى تىڭشىغۇچىغا قارىتا زەردە بىلەن ئېيتىلسا، [o]، [ø] بىلەن تۈزۈلمىگەن يىلتىزلاردىمۇ مەزكۇر قوشۇمچىلاردىكى [i]، [u]، [y]، تاۋۇشلىرىنى [α]، [ε] تاۋۇشلىرىغا ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئالدىم | aldαm |
| تاپتىم | tαptαm |
| كەتتىم | kεttεm |
| كەلدىم | kεldεm |
| بەردۇق | b ε̄ (τ)dεk |
| تۇردۇق | tū(τ)dαq |
| قىلدىڭ | qildαŋ |
| قىلدىڭلار | qildαŋlā(τ) |

| | |
|---|---|
| yzdɛŋ | ئۈزدۈڭ |
| yzdɛŋlε̄ (τ) | ئۈزدۈڭلار |

[α]، [ε] تــاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق يــىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە ئالدىنقى بوغۇمىدا مەيلى لەۋلەشكەن ســوزۇق تــاۋۇشــلار كــەلــسۇن، مەيلى [α] ، [ε] تاۋۇشلىرى كــەلـــسۇن، يــۇقىرىقى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، يىلتىز ياكى ئــۆزەكــنىڭ ئايىغىدىكى [α] ، [ε] تاۋۇشلىرىدا ســەل - پــەل لــەۋلــــشــــش هــادىسىسى كۆرۈلىدۇ ۋە ئايرىم - ئايرىم هالدا [u] ، [y] گە يېقىنلىشىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
|---|---|
| ā(l)mα - | ئالما- |
| ā(l)muduq | ئالمىدۇق |
| k ø̄ (τ)mɛ - | كۆرمە- |
| k ø̄ (τ)mydɛk | كۆرمىدۇق |
| tYlɛ - | تۆله- |
| tYlydɛm | تۆلىدىم |
| yzmɛ - | ئۈزمە- |
| yzmydɛk | ئۈزمىدۇق |
| tutmα - | تۇتما- |
| tutmudαm | تۇتمىدىم |

بۇ پېئىلنىڭ سوراق شەكلى شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن «-mu//-mα» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

| ئه. ت. | خو. د. |
| --- | --- |
| باردىمموٴ؟ | bā(τ)dimmu? |
| كۆردۇمموٴ؟ | k ø̄ (τ)dɛmmu? |
| سىلى ئالدىلىموٴ؟ | ɑl(di)limu? |
| كەلمىدىڭىزموٴ؟ | k ɛ̄ (l)midiŋizmu? |

ۋاســــتىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شــەكــلىدە كەلگەن ئايرىم پېئىللار جۈملىدە سۆپەتداش رولىدا كېلىشى مۇمكىن. م:

△ qɑldi gɛpni kɪjin qil(i)ʃiwɑl(i)li.

قالغان گەپنى كېيىن قىلىشىۋالايلى.

△ qɑldilā(τ) qā(l)ɣɑtʃ tū(τ)sun, hɑzij bā(τ)lā(τ) bɑj(i)li

قالغانلار قېلىپ تۇرسۇن، ھازىر بارلار بارايلى.

② ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر پــېئىلى: بــۇ پــېــئــىــل «-p» لــىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن ئــەســلــىدە «-ɛτ» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلۇپ، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى «-dim، -dyk، -diŋ، -diŋiz، -diŋlā(τ) - diŋlɛ(τ)، -lɛ، -di» قــوشــۇلــۇش بىلەن ياسالسىمۇ، «-ɛτ» پــېــئىلىنىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولغان [i] تاۋۇشى خوتەن دىــيــالــېــكتىدا تامامەن چۈشۈپ قالىدۇ. رەۋىشداشتىكى «-p» تاۋۇشى خوتەن ئېلچىدە بەزىدە «-b»، بەزىدە «-w» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. م:

| ئه. ت. | خو. د. |
| --- | --- |
| بېرىۋىدىم | bā(τ)-, bejibdim |

| | |
|---|---|
| بېرىۋىدۇق | bejibdyk |
| قىلىۋىدىڭ | qi(li)bdiŋ |
| قىلىۋىدىڭىز | qi(li)bdiŋiz |
| قىلىۋىدىڭلار | qi(li)bdiŋlā(τ) |
| كېلىۋىدىڭلار | kε(li)bdiŋlā(τ) |
| كۆرۈۋىدىلە | kYjεwlε |
| تۇرۇۋىدۇق | tujubdyk |

ئەسلەتمە: گۇما شېۋىسىدە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [α] تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە مىسالغا ئېلىنغان «baτ-» پېئىلى «bαjibdim، bαjibdyk» شەكلىدە تۇرىدۇ. قارىقاش ناھىيىسىدە رەۋىشداشتىكى [p] تاۋۇشى [b] ياكى [w] غا ئايلانمايدۇ. مەسىلەن «towlαpti — توۋلىۋىدى، qujupti — قۇيۇۋىدى» دېگەندىكىدەك.

بەزى ھاللاردا [α]، [ε] بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل يىلتىزلىرىدىكى [α]، [ε] تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىپ [i] غا ئايلىنىشى مۇمكىن. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ياسىۋىدىم | jαsαbdim~jαsibdim |
| دەسسىۋىدىم | dεssεbdim~dεssibdim |
| دېۋىدىم | dεbdim~dɪbdim~dibdim |

بۇ پېئىلنىڭ سوراق شەكلى ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «-mi» يۈكلىمىسى رەۋىشداش قوشۇمچىسىدىن كېيىنلا قوشۇلىدۇ ۋە رەۋىشداشتىكى «[w]~[b]/[p]» تاۋۇشىنى ئاسسىمىلاتسىيە

قىلىپ [m] غا ئايلاندۇرىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
| --- | --- |
| dɛmmidim | دەپمىدىم |
| dɪmɛmmidim | دىمەپمىدىم |
| e(li)mmidim | ئېلىپمىدىم |
| ā(l)mɑmmidim | ئالماپمىدىم |
| kYτɛmmidyk | كۆرۈپمىدۇق |
| k $\bar{ø}$ (τ)mɛmmidyk | كۆرمەپمىدۇق |
| e(li)mmillɛ | ئېلىپمىدىلە |
| øtmɛmmillɛ | ئۆتمەپمىدىلە |

③ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى: بۇ پېئىل يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-jt ، -it» قوشۇمچىلىرى، ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
| --- | --- |
| ɑjil- | ئايرىل- |
| āj(i)littim | ئايرىلاتتىم |
| jɑz- | ياز- |
| jɑzittim | يازاتتىم |
| ūqu- | ئوقۇ- |
| ūqujttim | ئوقۇيتتىم |

بىر بوغۇملۇق [l] بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل يىلتىزلىرى (بۇ پېئىللار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن) دا مەزكۇر [l] تاۋۇشى

قوشۇمچىسىنىڭ بېشىدىكى [i] تاۋۇشى بىلەن بىللە چۈشۈپ قالىدۇ.

م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| αl- | ئال - |
| ā(lį)ttim | ئالاتتىم |
| kɛl- | كەل- |
| kē(li)ttim | كېلەتتىم |
| qil- | قىل - |
| qi(li)ttim | قىلاتتىم |

بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا بولۇشىغا قارىماي، ئوخشاشلا «-tyk» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| αlittyk~ ā(li)ttyk | ئالاتتۇق |
| jijttyk | يەتتۇق |
| oltujttyk | ئولتۇراتتۇق |

بۇ پېئىلنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى ئۈچۈن «-tiŋ» ، سىپايە تۈرى ئۈچۈن «-tiŋiz» ، ھۆرمەت تۈرى ئۈچۈن «-ɬɛ» قوشۇلىدۇ. ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، يۇقىرىدىكى «-it ، -jt» قوشۇمچىسىدىكى [t] تاۋۇشى ياكى

نەپەسسىز [t] تاۋۇشىغا، ياكى [h] غا ئايلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(li)tɬɛ~ā(li)hɬɛ | ئالاتتىلا |
| kɪtihɬɛ | كېتەتتىلە |

④ ۋاستىلىك بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى: بۇ پېئىل «-p» لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن «-ti<-tu<-tuɪ» قوشۇمچىسى، ئاندىن كېيىن شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. م:

بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| itʃ- | ئىچ- |
| itʃiptim ɛ̄ (n) | ئىچىپتىمەن |
| dɛssɛ- | دەسسە- |
| dɛssimɛptim ɛ̄ (n) | دەسسىمەپتىمەن |
| dɛ- | دە- |
| dɛptimiz | دەپتىمىز |
| tut- | تۇت- |
| tutuptu | تۇتۇپتۇ |

بۇ پېئىلدىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىك:

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن [l] بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللاردىكى [l] چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| e(li)ptim ɛ̄ (n) | ئاپتىمەن ~ ئېلىپتىمەن |

| | |
|---|---|
| kɪ(li)ptim ɛ̄ (n) | كەپتىمەن |
| bo(lu)ptim ɛ̄ (n) | بوپتىمەن |

گۇما شىۋىسىدە مۇشۇ ئالاھىدىلىكتىن باشقا، بۇ پىئىلنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكىدە يەنە «tu<-tuτ - <» -ti» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| گۇما شىۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| α(li)p(ti)miz | ئاپتىمىز |
| α(li)p(ti)m ɛ̄ (n) | ئاپتىمەن |
| qi(li)p(ti)m ɛ̄ (n) | قىلىپتىمەن |
| ke(li)p(ti)miz | كەپتىمىز |
| qi(l)mαp(ti)miz | قىلماپتىمىز |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئاددىي ۋە سىپايە تۈرىدە، كۆپلۈكىدە «-ti» قوشۇمچىسى ھەممە شىۋىلەردە چۈشۈپ قالىدۇ ۋە رەۋىشداشتىكى [p] تاۋۇشى [f] غا ئايلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| dɛfs ɛ̄ (n) | دەپسەن |
| dɛfsiz | دەپسىز |
| dɛfsil ɛ̄ (τ) | دەپسىلەر |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈرى ئۈچۈن ئىلچى - قارىقاش - لوپ شىۋىسى، گۇما شىۋىسى ۋە چىرا ناھىيىسىدە

«-qα» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، «-ti» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، رەۋىشداشتىكى [p] تاۋۇشى [f] غا ئايلىنىدۇ. م: «kɛ(li)flα — كەپتىلا، kɪtiflα — كېتىپتىلا» دېگەنگە ئوخشاش.

لېكىن، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىدە ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت تۈرىدە «-ti» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ ۋە [p] تاۋۇشىمۇ [f] غا ئايلانمايدۇ، ھۆرمەت تۈرىنىڭ شەخس قوشۇمچىسى ئۈچۈن «-lα» قوللىنىلىدۇ. م: «kɪtiptilα — سىلى كېتىپتىلا، bā(τ)mαptilα — سىلى بارماپتىلا» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ پېئىلنىڭ سوراق شەكلى ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «-mu، -mi» يۈكلىمىسى رەۋىشداش قوشۇمچىسىدىن كېيىنلا قوشۇلىدۇ ۋە رەۋىشداشتىكى [p] تاۋۇشىنى [m] غا ئايلاندۇرىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
| --- | --- |
| e(li)mmitimɛ(n)? | ئاپتىمەنمۇ؟ |
| ā(l)mαmmitimɛ(n)? | ئالماپتىمەنمۇ؟ |
| qi(li)mmitimiz? | قىلىپتىمىزمۇ؟ |
| qi(li)mαmmitimɛ(n)? | قىلماپتىمەنمۇ؟ |
| kYτɛmmisiz? | كۆرۈپسىزمۇ؟ |
| kø̄(τ)mɛmmisiz? | كۆرمەپسىزمۇ؟ |
| qi(li)mmitilα? | قىلىپتىلىمۇ؟ |
| qi(l)mαmmitilα? | قىلماپتىلىمۇ؟ |
| jɛmmutu? | يەپتۇمۇ؟ |

يىمەپتۇمۇ؟ jimɛmmutu?

△ Yzi k ɛ̄ (l)syn dɛmmutu?

sYzi k ɛ̄ (l)syn dɛmmutu?

(خەلق قوشىقى)

لېكىن گۇما شېۋىسىدە سوراق يۈكلىمىسى شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن قوشۇلىدۇ. ئۇچىلا شەخستە «-ti» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑ(li)pmɛmmu? | ئاپتىمەنمۇ؟ |
| itʃifsɛmmu? | ئىچىپسەنمۇ؟ |
| bɑjipmu? | بېرىپتۇمۇ؟ |
| bā(ɾ)mɑpmu? | بارماپتۇمۇ؟ |
| ke(li)pmu? | كەپتۇمۇ؟ |
| k ɛ̄ (l)mɛpmu? | كەلمەپتۇمۇ؟ |

بۇ پېئىلنىڭ ئايىغىغا يەنە «ikɛn» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلۇپ قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| beɾiptimɛnkɛn~beɾiptim ī kɛn | بېرىپتىمەنكەن~بېرىپتىكەنمەن |
| beɾips ī kɛn | بېرىپتىكەنسەن ~ بېرىپسەنكەن |
| beɾipsizkɛn | بېرىپتىكەنسىز ~ بېرىپسىز كەن |
| beɾifl ī kɛn~beɾifɬ ī kɛn | بېرىپتىكەنلا~ بېرىپتىلىكەن |

| beτiptikεn | بېرىپتىكەن |
|---|---|

بۇنىڭ سوراق شەكلى

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| beτimmitim ī kεn? | بېرىپتىكەنمەنمۇ؟ |
| bā(τ)mαmmiti? m ī kεn | بارماپتىكەنمەنمۇ؟ |
| beτipsim ī kεn? | بېرىپتىكەنسەنمۇ؟ |
| beτiflim ī kεn～beτifɬim ī kεn? | بېرىپتىكەنلىمۇ؟ |

## B . هازىرقى - كەلگۈسى زامان پېئىللىرى

① ۋاستىسىز بايان رايىدىكى هازىرقى - كەلگۈسى زامان خەۋەر پېئىلى -1: بۇ پېئىل «-α، -ε//-j» بىلەن ياسىلىدىغان رەۋىشداشلارغا «-tu<—tuτ<-tuτuτ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان بولسىمۇ، خوتەن دىيالېكتىدا پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈكىدە، ئىككىنچى شەخس هۆرمەت تۈرىدە بۇ قوشۇمچە «-t» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ، ئۈچىنچى شەخستە «-tu» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| αt- | ئات - |
| αtitm ε̄ (n) | ئاتىمەن |
| αtitu | ئاتىدۇ |
| bā(τ)- | بار - |
| bαjitm ε̄ (n) | بارىمەن |

| | |
|---|---|
| بارىمىز | bɑjitmiz |
| دە - | dε- |
| دەيدۇ | dijtu |
| دېمە - | dɪmε- |
| دېمەيدۇ | dɪmijtu |
| ئال - | ɑl- |
| ئالىدىلا | ɑlitɟɑ～ā(i)tɟɑ |

تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك تۆت نۇقتا:

a. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن [l] بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللار مۇشۇ خەۋەر رايى فورمىسى بىلەن تۈرلەنسە، مەزكۇر [l] تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ئال - | ɑl- |
| ئالىمەن | ā(li)ʔm ε̄ (n) |
| ئالىمىز | ā(li)tmiz |
| قىل - | qil- |
| قىلىمەن | qi(li)tm ε̄ (n) |
| قىلىدۇ | qi(li)tu |
| كەل - | kεl- |
| كېلىمەن | kɪ(li)tm ε̄ (n) |

| | |
|---|---|
| كىلىسىز | kɪ(li)siz |
| كىلىدۇ | kɛ̄(li)tu∼kɪ(li)tu |

b. ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت تۈرىنىڭ شەخس قوشۇمچىسى «ɖɑ-» بىلەن كېلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| qil-, qi(li)tɖɑ∼qi(li)hɖɑ | قىل-، قىلىدىلا |
| bā(r)-, bɑjitɖɑ | بار-، بارىدىلا |

c. بۇ پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزىكىدە «j-» رەۋىشدىشىدىن كېيىن بۇ قوشۇمچە بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك ۋە ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت تۈرىدە [ʔ] غا ئايلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| kɛjmɛ- | كەيمە- |
| kɛjmijʔmɛ̄(n) | كەيمەيمەن |
| ā(l)mɑ- | ئالما- |
| ā(l)mɑjʔlɑ | ئالمايدىلا |

d. گوما شېۋىسىدە بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈكى كۆپىنچە ئەدەبىي تىلدىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە يۇقىرىقى شەكىلدە بولىدۇ. م:

| گوما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(li)tmɛ̄(n)∼ɑlimɛ̄(n) | ئالىمەن |

| | |
|---|---|
| bajim $\overline{\varepsilon}$ (n) | بارىمەن |
| kelim $\overline{\varepsilon}$ (n) | كېلىمەن |

بۇ پېئىلنىڭ سوراق شەكلى «α-، ε-» لىك رەۋىشداشقا «m-»، ئاندىن كېيىن شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| αt- | ئات- |
| αtαmtim $\overline{\varepsilon}$ (n)? | ئاتامدىمەن؟ |
| αtαmtimiz? | ئاتامدىمىز؟ |
| bā(r)- | بار- |
| bajαms $\overline{\varepsilon}$ (n)? | بارامسەن؟ |
| k $\overline{\varepsilon}$ (l)- | كەل - |
| kɪlεmlα? | كېلەمدىلا؟ |
| k $\overline{\varepsilon}$ (l)mεmtu? | كەلمەمدۇ؟ |
| iʃlε- | ئىشلە- |
| iʃlεmtim $\overline{\varepsilon}$ (n)? | ئىشلەمدىمەن؟ |

گۇما شىۋىسىدە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخسلەرگە قارىتىلغان سوراق شەكلىدە «t-» تامامەن چۈشۈپ قالىدۇ، ئۈچىنچى شەخستە «tu-» شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. م:

| گۇما شىۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| αlαmm $\overline{\varepsilon}$ (n)? | ئالامدىمەن؟ |
| kelεmm $\overline{\varepsilon}$ (n)? | كېلەمدىمەن؟ |

| | |
|---|---|
| دەمدىمىز؟ | dɛmmiz? |
| دېمەمدىمىز؟ | demɛmmiz? |
| بارمامدىمىز؟ | bā(τ)mαmmiz? |
| ئىشلەمدۇ؟ | iʃlɛmtu? |

ۋاستىسىز بايان رايىدىكى هازىرقى - كەلگۈسى زامان خەۋەر پېئىلى -2

بۇ پېئىل يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە بولۇشلۇقتا «-τ ، -ετ//-ατ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالسىمۇ، لېكىن قوشۇمچىدىكى [τ] تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، ئالدىدىكى [α] ، [ε] تاۋۇشلىرى سوزۇپراق ئېيتىلىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| باق- | bαq- |
| باقارمەن | bαqā(τ)m ε̄ (n) |
| ئىشلە- | iʃlɛ- |
| ئىشلەرمەن | iʃl ε̄ (τ)m ε̄ (n) |
| بويا- | b ɷ jα- |
| بويارمەن | b ɷ jā(τ)m ε̄ (n) |
| بۇيرۇ- | buj(τ)u- |
| بۇيرارمەن | bujā(τ)m ε̄ (n) |

بولۇشلۇق سوراق شەكلى ئۈچۈن شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن «-mu» قوشۇلىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشى [m] تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىدۇ. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
| --- | --- |
| bɑqā(τ)mεmmu? | باقارمەنمۇ؟ |
| iʃl ε̄ (τ)silimu? | ئىشلەرسىلەرمۇ؟ |
| iʃl ε̄ (τ)sεmmu? | ئىشلەرسەنمۇ؟ |

بۇ پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئەدەبىي تىلدىكىدەك يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-mεs ، -mɑs» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

م:

| خو. د. | ئه. ت. |
| --- | --- |
| bɑqmɑsm ε̄ (n) | باقماسمەن |
| iʃlimεss ε̄ (n) | ئىشلىمەسسەن |
| iʃlimεssiz | ئىشلىمەسسىز |
| bujumɑslɑ | بۇيرۇماسلا |
| bɑqmɑsmiz | باقماسمىز |
| iʃlimεssil ε̄ (τ) | ئىشلىمەسسىلەر |

② ۋاسىتىسىز بايان رايىدىكى ئىنچىل هازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى: بۇ پېئىلنى ياسىغۇچى «-jɑt» ياردەمچى پېئىلى خوتەن دىيالېكتىدا (گۇما شېۋىسىدىن باشقا) تېخى سىنتېتىك فورمىغا ئايلانغان ئەمەس. م:

| خو. د. | ئه. ت. |
| --- | --- |
| kɪ(li)wjɑtitm ε̄ (n) | كېلىۋاتىمەن |
| ūquwjɑtitm ε̄ (n) | ئوقۇۋاتىمەن |
| jeziwjɑtis ε̄ (n) | يېزىۋاتىسەن |
| itʃiwjɑtitɬɑ | ئىچىۋاتىدىلا |

گۇما شېۋىسىدە بۇ نۇقتا ئەدەبىي تىلىمىزغا ئوخشايدۇ. م:

| گۇما شېۋىسى | ئە. ت. |
|---|---|
| αliwαtim ε̄ (n) ~ ā(li)wαtim ε̄ (n) | ئېلىۋاتىمەن |
| jαziwαtitu | يېزىۋاتىدۇ |

بۇ پېئىلنىڭ بولۇشسىز فورمىسى ئىزچىل ھازىرقى زامان مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى «jαt-» دىن كېيىن «-mα، -mε» قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ فورمىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىمۇ خوتەن دىيالېكتىدا كەڭ قوللىنىلمىغىنى ئۈچۈن «ūquwαtmαjdu، jeziwαtmαjdu» قاتارلىق بولۇشسىز شەكىللەرمۇ قوللىنىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەكلىرىدىن ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان شەكلى كۆپ قوللىنىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| iʃlimijjαtitu | ئىشلىمەيۋاتىدۇ |
| bε(r)mijjαtitu | بەرمەيۋاتىدۇ |
| iʃlimijjαtαmtimiz-α? | ئىشلىمەيۋاتىمىزمۇ؟ |

خوتەن دىيالېكتىدا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئىزچىل ھازىرقى زامان داۋام پېئىلى «-p» رەۋىشداشتىن كېيىن «tuτ-» ياكى «tuj-» پېئىلىنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ. م:

△ u tαmαkα tʃɪkip tujtu.

ئۇ تاماكا چېكىۋاتىدۇ.

△ mεn αʃ itʃip tuj(α)tm ε̄ (n).

مەن ئاش ئىچىۋاتىمەن.

△ øzliji nɪm(ε)iʃ qi(li)p tuj(α)tɬα?

ئۆزلىرى نېمە ئىش قىلىشۋاتىدىلا؟

△ nɪmiʃqɑ iʃlimij tuj(ɑ)tɬɑ?

نېمىشقا ئىشلىمەي تۇرىدىلا؟

③ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى: بۇ پېئىل بىرىنچى، ئىككىنچى شەخسلەر ئۈچۈن كۆپ قوللىنىلمايدۇ. كۆپىنچە ئۈچىنچى شەخس ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، خالاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

قوشۇمچىلىرى: «-ɣɑj، -gɛj//-qɑj، -kɛj.» م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(l)ɣɑj | ئالغاي |
| bɑqqɑj | باققاي |
| k $\overline{\varepsilon}$ (l)gɛj | كەلگەي |
| kɛtkɛj | كەتكەي |

ئەگەر بۇ قوشۇمچىلاردىن كېيىن يەنە -idi ياردەمچى پېئىلى ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلسا، ئەنسىرەش ياكى ئارزۇ-تىلەك مەنىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. قوشۇمچىدىكى [ɛ] ۋە [ɑ] تاۋۇشلىرى [i] غا ئايلىنىدۇ. م:

△ dɑdɑŋ bij kɛ(l)gijdi. ɪdipiŋni b $\overline{\varepsilon}$ (r)gijdi.

داداڭ بىر كەلگىيدى، ئەدىپىڭنى بەرگىيدى.

△ kYzɛmdiṇ bij jitkijdiŋ.

كۆزۈمدىن بىر يوقالغىيدىڭ.

△ k $\overline{\varepsilon}$ (l)ginimni k $\overline{\varnothing}$ (r)migijdi.

كەلگىنىمنى كۆرمىگىيدى.

د kɛtʃkitʃɛ sɑtā(l)miɣijdiŋ.

كەچكىچە ساتالمىغىيدىڭ.

④ ۋاسـىتىلىك بايان رايىدىكى پۈتمىگەن هازىرقى زامان خـەۋەر پـېـئـىـلى: بـۇ پېئىل «-ɑ، -ɛ/-j» بىلەن ياسالغان رەۋىـشداشلارغا ئاۋۋال «-tutʊtʊ>-tutʊ>-tu(ʊ)>-t»، ئاندىن شـەخس قـوشـۇمـچـىسى، ئاندىن هۆكۈم باغلامچىسى «ikɛn» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشى ۋە «ikɛn» باغلامچىسىدىكى [i] چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| jɑz-, jɑzitm ī kɛn | يازىدىكەنمەن |
| dɛ-, dijtm ī kɛn | دەيدىكەنمەن |
| tʃiq-, tʃiqitmīkɛn | چىقىدىكەنمەن |
| tøk-, tYkytm ī kɛn | تۆكىدىكەنمەن |
| tut-, tututm ī kɛn | تۇتىدىكەنمەن |
| bā(ʊ)-, bɑjis ī kɛn | بارىدىكەنسەن |
| bil-, bilisizkɛn | بىلىدىكەنسىز |
| k ø̄ (ʊ)-, kYjyt ī kɛ(n) | كۆرىدىكەنلا |
| kyl-, kylytkɛ(n) | كۈلىدىكەن |

يۇقىرىدا ئېيتىلغان [l] بىلەن ئـايـاغلاشقان پـېـئـىـلـلاردا [l] تاۋۇشى كەلگەن بوغۇم چۈشۈپ قالىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(li)tm ī kɛn | ئالىدىكەنمەن |

| | |
|---|---|
| kɪ(li)tm ī kɛn | كېلىدىكەنمەن |
| b ω(lu)tm ī kɛn | بولىدىكەنمەن |

سوراق شەكلى ئۆچۈن مىسال:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| jɑzɑmtirn ī kɛn? | يازامدىكەنمەن؟ |
| dɛms ī kɛn? | دەمدىكەنسەن؟ |
| ɑlɜmtim ī kɛn? | ئالامدىكەنمەن؟ |
| bɑjɑmtikɛn? | بارامدىكەن؟ |

بولۇشسىز شەكلى ئۆچۈن مىسال:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(l)mɑjtm ī kɛn | ئالمايدىكەنمەن |
| ā(l)mɑjtɟikɛn | ئالمايدىكەنلا |

سوراق شەكلى ئۆچۈن مىسال:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(l)mɑmtim ī kɛn? | ئالامدىكەنمەن؟ |
| ä(l)mɑjtmizm ī kɛn | ئالامدىكەنمىز؟ |
| ā(l)mɑmtimizkɛn? | ئالامدىكەنمىز؟ |

⑤ سۆبېكتىپ مۆلچەر رايىدىكى پۆتمىگەن هازىرقى زامان خەۋەر پېئىلى: بۇ پېئىل پۆتمىگەن سۆپەتداشلارغا «-ti<-tu(τ)<-tuτ<-ιuτuτ» قوشۇمچىسى، ئاندىن شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇش

بىلەن ياسىلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ā(li)tqɑntim ε̄ (n) | ئالىدىغاندىمەن |
| ā(l)mɑjtqɑntimiz | ئالمايدىغاندىمىز |
| kı(li)tqɑnsiz | كېلىدىغانسىز |
| kɪ(li)tqɑnt(i)ɟɑ | كېلىدىغاندىلا |
| ƀɑjitqɑntu | بارىدىغاندۇ |

سوراق شەكلى ئۈچۈن مىسال:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| ɑlɑmtiɤɑntim ε̄ (n)? | ئالامدىغاندىمەن؟ |
| bɑjɑmtiɤɑntu? | بارامدىغاندۇ؟ |

C. tʃeɤiwā(τ) بىرىكمىسى توغرىسىدا

بۇ بىرىكمە پۈتكەن ۋە پۈتمىگەن سۈپەتداشلارغا قوشۇلۇپ سوبيېكتىپ مۆلچەر رايىدىكى ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ئىپادىلەيدۇ، باشقا تۈرغۈن سۆزلەردىن كېيىن قوشۇلۇپ كەلسە، ئۆزى قوشۇلغان سۆزلەرنىڭ مۆلچەر تەرزىدە ئىپىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى ھاللاردا بۇ بىرىكمىنىڭ ئالدىنقى تەركىبى شەخس بىلەن تۈرلىنىشمۇ مۇمكىن. م:

△ ʃu gulniŋ uτuqi tʃy(ʃy)p qā(l)ɤɑn tʃeɤiwejkεn.

شۇ گۈلنىڭ ئۇرۇقى چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

△ muʃu iʃni Yzi jɑlɤuz qi(li)tqɑn tʃeɤiwā(τ).

مۇشۇ ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

△ ε̄ (τ)tε kYtʃεp kɪtitqɑn tʃeɣiŋlā(τ) wā(τ)mɑ bu tujqi?

قارىماققا ئەتە كۆچۈپ كېتىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟

△ tɑpɑmmɑj quτuɣ tʃikititqɑn tʃeɣimiz wā(τ).

تاپالماي، قۇرۇق چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز.

△ x x x niŋ qizini uz tʃeɣiwā(τ) dɪsεm, sεt tʃeɣiwā(τ).

x x x نىڭ قىزىنى چىرايلىق بولسا كېرەك، دېسەم سەت ئوخشايدۇ.

△ muʃu tiwεzyn lɑzim tʃeɣiwā(τ), ɑtʃiqi(p)pε(τ) bɑlɑm.

بۇ پالتا لازىم ئوخشايدۇ، بالام، سەن ئاچىقىپ بەرگىن.

△ bizniŋ bɑɣ muʃu tʃeɣiwā(τ).

بىزنىڭ باغ مۇشۇ ئوخشايدۇ.

△ bu ɷ jɑn ε̄ (τ)tε tʃeɣiwā(τ), bygεn k ε̄ (l)ginimiz bɑkā(τ)(i)kεn.

بۇ ئويۇن ئەتە ئوخشايدۇ، بۈگۈن كەلگىنىمىز بىكار ئىكەن.

△ etini ikkimiki dɪsεm bij tʃeɣiwā(τ).

ئېتىنى ئىككىمىكىن دېسەم، بىر ئوخشايدۇ.

△ iʃ ʃumdɑɣmiki dɪsεm, undā(ɣ)εmεs tʃeɣiwā(τ).

ئىش شۇنداقمىكىن دېسەم، ئۇنداق ئەمەس ئوخشايدۇ.

بۇ بىرىكمىدىن كېيىن «ikɛn، -kɛn» قوشۇلۇپ قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

△ unuŋ pulusi joq tʃeɤiwejkɛń, mɛndin øtnɛ s ω τɑp kɪ(li)glig.

ئۇنىڭ پۇلى يوق بولسا كېرەك، مەندىن پۇل سوراپ كەپتۇ.

## 7. ئىسىمداشلار

«-ʃ» لىق ئىسىمداشلار قوللىنىلىدۇ. [ø] [o] بىلەن قۇرۇلغان بىر بوغۇملۇق يىلتىزلار ياكى بىرىنچى بوغۇمىدا مۇشۇ سوزۇق تاۋۇشلار كەلگەن يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-ɑʃ، -ɛʃ» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| soq-, s ω qɑʃ | سوق-، سوقۇش |
| qoʃ-, q ω ʃɑʃ | قوش-، قوشۇش |
| k ø̄ (τ)-, kYjɛʃ | كۆر-، كۆرۈش |
| bøl-, bYlɛʃ | بۆل-، بۆلۈش |
| oltū(τ)-, oltuτɑʃ | ئولتۇر-، ئولتۇرۇش |
| kYtɛ(τ)-, kYtyτɛʃ | كۈتۈر-، كۈتۈرۈش |

بۇ ئىسىمداشلار بەزىدە سۈپەتداش ئورنىدىمۇ قوللىنىلىپ قالىدۇ. م:

كېلەر ھەپتە kɪliʃ hɛptɛ

# 8. سۈپەتداشلار

## 8.1 پۈتكەن سۈپەتداشلار

① «-kɛn ، -gɛn//-qɑn ، -ɣɑn» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسىلىدىغانلار:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bā(τ)ɣɑn | بارغان |
| ɑtqɑn | ئاتقان |
| kɛ̄(l)gɛn | كەلگەن |
| kɛtkɛn | كەتكەن |

② يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-ɣ ، -iɣ//-g ، -ɑɣ//- ، ig ، -uɣ//-ɛg ، -yg» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر (مۇنداق تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى مۇستەقىل قوللىنىلىدۇ. بەزىلىرى مۇستەقىل قوللىنىلماي، پەقەت سۆز ياساشقىلا ئاساس بولىدۇ) دىن كېيىن، بولۇشلۇقتا «-liɣ ، -lig//-luɣ ، -lyg» بولۇشسىزلىقتا «-siz» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدىغانلار:

△ mɛn uquɣluɣ gɛp jɑ bu.

بۇ مەن بىلىدىغان (بىلگەن) گەپ.

△ mɛn mɑ tuτuxtɑ dɑdɑm bilɛn billɛ oltujuɣluɣ.

مەن هازىر دادام بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋاتىمەن.

△ ɑtqɑ qā(τ)lisɑ b ɷ ɣuzlɑp q ɷ jɑɣliɣ.

ئاتقا قارىسا، بوغۇزلاپ قويۇلغان.

△ u mɛzlimniŋ qizliτimu m ɷ mijip qe(li)ɣliɣ.

ئۇ خوتۇننىڭ قىزلىرىمۇ قېرىپ، ماما بولۇپ قالدى.

△ mɛn uliɣɑ kyndɛ ɑτimɑmmɑj ɛttigen kɪ(li)ŋlā(τ),

dɛglig, bulā(τ) w ō (l)sɑ ɑʃ wɑxti, p ī ʃin bō(l)ɣɑndɑ kɪ(li)glig.

مەن ئۇلارغا كۈندە ئارام ئالماي ئەتتىگەن كېلىڭلار، دەپ تۇرىمەن، ئۇلار بولسا ئاش ۋاقتى، پېشىن بولغاندا كەلدى.

△ niznɑj bɑɣdin tʃiqqili unumisimuɣu nim qȍq,

sɛn tʃiqiɣsiz qā(l)miɣin bɑlɑm, dɪdi . (چۆچەكتىن)

نىزناي (كىشى ئىسمى) باغدىن چىققىلى ئۇنۇمىسىمۇ مەيلى، سەن چىقماي قالمىغىن بالام، دېدى.

△ uniŋ hɑjwisi q ɷ ʃɑɣsiz.

ئۇنىڭ هارۋىسى قوشۇقلۇق ئەمەس.

بۇ سۆپەتداشنىڭ بولۇشسىزلىقى بولۇشلۇق فورمىسىدىن كېيىن -ɛmɛs قوشۇلۇش بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. م:

△mɛn seniŋ puluŋɣɑ tɑniɣliɣ ɛmɛs.

مەن سېنىڭ پۇلۇڭدىن تېنىپ كەتكەن ئەمەس. (gu)

△bu ju(τ)tlidɑ «ɑjlikɑm» dɛp kYnɛglig ɛmɛs.

بۇ يۇرتلاردا «ئايلىكام» دەپ كۆنگەن ئەمەس. (qa)
بۇ سۆپەتداشتىن كېيىن يەنە ، -di<idi ، -kɛn< iken ،
-miʃ<-imiʃ ياردەمچى سۆزلىرى قوشۇلۇپمۇ قوللىنىلىدۇ. م:

△ iʃikkɛ qulpi se(li)ɣliɣkɛn.

ئىشىككە قۇلۇپ سېلىقلىق ئىكەن.

△ mɛn bu gɛpni u gadajɣa dɛgligdim, dɪmidiŋ dijtu.

مەن بۇ گەپنى ئۇ بىر نىمىگە دېگەنىدىم، دىمىدىڭ دەيدۇ.

△ iʃtsɛm qā(τ)ɣiliɣdin tynygɛn kɪ(li)gligmiʃ.

ئاچلىسام قاغىلىقتىن تۈنۈگۈن كەپتۇدەك.

△ u iʃtniŋ siŋā(τ) quluqi kɪsiwetiɣliɣkɛn.

ئۇ ئىتنىڭ بىر قۇلىقى كېسىۋېتىلگەن ئىكەن.

بەزىدە بۇ سۆپەتداشتىن كېيىن بىر «-n ، -in//-yn ، -un» قوشۇمچىسى قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە سۆپەتداشتىن ئىپادىلەنگەن خەۋەرنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. م:

△ bu gɛpni mɛn dijigligin.

بۇ گەپنى راس، مەن دېگەن. (gu)

△ u gadaj ʃu tujuxta nan jaqiɣliɣin.

ئۇ بىر نىمە شۇ تاپتا نان يېقىۋاتىدۇ. (gu)

بۇ سۆپەتداش ئەدەبىي تىلىمىزدا پەقەت چەكلىك ساندىكى پېئىل يىلتىزلىرىدىنلا ياسىلىدۇ. لېكىن خوتەن دىيالېكتىدا ھەممىلا پېئىل يىلتىزلىرىدىن ياسىلىۋېرىدۇ.

ئولتۇر-، ئولتۇرۇپ oltū(ʈ)-, oltuʈap

كۆتۈر-، كۆتۈرۈپ kYt $\bar{\varepsilon}$ (ʈ)-, kYtyʈɛp

9.2. «ɑ-، ɛ-//j-» بىلەن ياسىلىدىغان رەۋىشداش

بۇ رەۋىشداش ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش. پەقەت بولۇشلۇقتا [ɛ] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارنىڭ ئايىغىدىكى [ɛ] تاۋۇشى، بولۇشسىزلىقتا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردىكى بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى «mɛ-» دىكى [ɛ] تاۋۇشى «j-» قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا [i] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. م:

خو. د ... ئە. ت.

دە-، دەيمەن dɛ-, dijtm $\bar{\varepsilon}$ (n)

دېمەيمەن dɪmijtm $\bar{\varepsilon}$ (n)

دېمەي (رەۋىشداش) dɪmij

ئىشلە-، ئىشلەيمەن iʃlɛ-, iʃlijtm $\bar{\varepsilon}$ (n)

ئىشلىمەي (رەۋىشداش) iʃlimij

ئىشلىمەيمەن iʃlimijtm $\bar{\varepsilon}$ (n)

△ tʃ $\bar{ø}$ gyʃyp kɪtɛlmijs $\bar{\varepsilon}$ (n),
køŋlyŋni eliwā(l)ɣɑtʃ. (خەلق قوشىقى)

△ bu bɑlɑmmu ʃuŋɑ jetip - q ω pɑ tʃoŋ w ω lɑp qɑldi.
بۇ بالاممۇ شۇنىڭغا يېتىپ - قوپا چوڭ بولۇپ قالدى.

△ iʃlimij- iʃlimij bij iʃlɛptim ī kɛn...

ئىشلىمەي ـ ئىشلىمەي بىر ئىشلەپتىكەنمەن. . .

## 10. ياردەمچى سۆزلەر

پېئىلى bol-

بۇ پېئىل هازىرقى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئىككىنچى فورمىسى، پەرەز - قارشىلىق رايى فورمىسى، خالاش رايى فورمىسى قاتارلىق فورمىلاردا تۈرلىنىپ، باشقا تۈرغۈن سۆزلەر ياكى بايان رايىدىكى پېئىللارنىڭ كەينىدە كەلسە، گۇماننى بىلدۈرىدۇ. م:

bō(l)saŋ, b ɷ lā(τ)

△ bu iʃqɑ uzɑq wō(l)sɑ biτ ε̄ (τ) jil w ɷ lɑbdi w ɷ lā(τ).

بۇ ئىشقا ئۇزاق بولسا، بىرەر يىل بولغاندۇر.

△ u h ε̄ (τ)qɑtʃɑn lopqɑ mɑŋitti w ɷ lā(τ), ʃuŋɑ øndɛjitqɑntu.

ئۇ ئىھتىمال لوپقا ماڭدىغاندۇر، شۇڭا ئالدىرايدىغاندۇر.

△ ʃu gɑdɑj jɑs(t) ʃumdɑɤ dziq iʃlɛmmidi w ɷ lā(τ)?

شۇ بىر نېمە راست شۇنداق جىق ئىشلىگەنمىدۇر؟

△ øj bɑnɑ qilitu bō(l)sɑŋ, miʃɛdɛ(<muʃu jɛτdɛ)

oltuj(i)li, dɪdi.

ئۆي سالىدىغان بولساڭ، مۇشۇ يەردە ئولتۇرايلى، دېدى.

△ muʃundaɣ qi(l)sa b ɷ lamtu w ɷ lā(ɽ)?

مۇشۇنداق قىلسا بولارمۇ؟

△ tunganīlā(ɽ) k ɛ̄ (l)gendɛ mɛn ombɛʃ jaʃta bā(ɽ)-tʃeɣim bejkɛn, ʃumdaɣmidi b ɷ lā(ɽ)ja ɣ ɷ li?

تۇنگانلار كەلگەندە مەن ئون بەش ياشتا بولسام كېرەك،

شۇنداقمىدۇر، زادى؟

△ iʃikkɛ qulpi sɛ(li)p q(oj)ap bij j ɛ̄ (ɽ)gɛ kɛtkɛn bō(l)sa, øjdɛ j ɷ qidi w ɷ lā(ɽ)?

ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ، بىر ياققا كەتكەن بولسا،

ئۆيدە يوقتۇر؟

لېكىن نىيىتىدە b ɷ lā(ɽ) b ɷ lanلىك ئورنىغا b ɷ قوللىنىلىدۇ.

م:

△ mɛn bilmijtm ɛ̄ (n), k ɛ̄ (l)simu kitʃigilikimdɛ kɪbdi w ɷ lan.

مەن بىلمەيمەن، كەلسىمۇ، مەن كىچىك چاغدا كەلگەن

بولسا كېرەك.

△ bu øjgɛ tynygɛn biz tamaq jigili tʃi(qip)kɛtkɛndɛ bij kiʃi kiribdi w ɷ lan.

بۇ ئۆيگە تۈنۈگۈن بىز تاماق يېگىلى چىقىپ كەتكەندە بىر

كـشى كـرگـەن ئوخشايدۇ.

△ jaman aɣi qilitu, bunuŋ kalisi bijmidi w ɷ lan, ikki-midi w ɷ lan?

يامان قاخشايدۇ، بۇنىڭ كالىسى بىرمۇدۇر، ئىككىمۇدۇر؟

△ muʃundaɣ nahɛqtʃiliq qilsimu b ɷ lamtu w ɷ lan?

مۇشۇنداق ناھەقچىلىق قىلسىمۇ بولىدىغان ئىشمۇ؟

bō(l)ɣaj

△ baʃqa j ε̄ (τ)dɛ bō(l)sa bō(l)ɣaj, buj ε̄ (τ)dɛ andā(ɣ) ɛdɛm joq.

باشقا يەردە بولسا باردۇر، بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوق.

△ k ø̄ (τ)sɛ k ø̄ (τ)gɛn bō(l)ɣaj.

كۆرسە كۆرگەندۇر.

△ silidin dziqjaq iʃlɛbdi wō(l)ɣaj.

سىلىدىن جىقراق ئىشلىگەن بولسا كېرەك.

△ aʃu kYjɛngɛn bizniŋ at wō(l)ɣaj, jɛŋgi oxʃajtu.

ئاشۇ كۆرۈنگەن بىزنىڭ ئات بولسا كېرەك، رەڭگى ئوخشايدۇ.

△ Yjidɛ bā(τ) wō(l)ɣaj, ballijidin soτap baq.

ئۆيىدە باردۇر، باللىرىدىن سوراپ باق.

«an» ياردەمچىسى تولۇق ياكى يېرىم ئاياغلاشقان پېئىلدىن بولغان خەۋەرلەردىن كېيىن كېلىپ، شۇ خەۋەردىن كېيىن يەنە

ئەدەبىي تىلىمىزدا بۇ سوپەتداشنىڭ پېئىللارنىڭ بولۇشسىزلىق ئۆزەكلىرىدىن ياسالغانلىرى يوق. لېكىن خوتەن دىيالېكتىدا ھەممىلا پېئىللارنىڭ بولۇشسىزلىق ئۆزەكلىرىدىن ياسىلىدۇ ۋە بولۇشسىزلىقتا ئىپادىلەنگەن پېئىلنىڭ پۈتكەنلىك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

△ kɪtʃiniŋ jaŋqisi bij uxlijammaɤliɤ mɛn.

كېچىدىن بۇيان بىرمۇ ئۇخلىيالمىدىم.

△ ʐiŋi ā(l)ɤan østɛŋniŋ syji texi kɛ(l)mɛglig.

يېڭى ئالغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى تېخى كەلمىدى. (gu)

△ mɛn kɛ̄(l)gɛndɛ sɛn hɑτwunimu qoʃmaɤliɤ-diŋ, tʃejiŋnimu itʃmɛgligdiŋ.

مەن كەلگەندە سەن ھارۋىنىمۇ قوشمىغانسىدىڭ، چېيىڭنىمۇ ئىچمىگەنسىدىڭ.

2.8 پۈتمىگەن سوپەتداشلار

① -τ//-ατ، -ετ بىلەن ياسالغانلار:

△ bαjā(τ) jɛ(τ)    بارار يەر

△ kYjɛ̄(τ) køz    كۆرەر كۆز

△ bαjā(τ) wō(l) sαŋ, mαŋα dɛp qαp(<qojαp)kɛt.

باردىغان بولساڭ، ماڭا دەپ قويۇپ كەت.

△ kYjɛ(τ) wō(l)sαŋ, mɪni qitʃijip qoj, kYjyʃywαlαj.

كۆرىدىغان بولساڭ، مېنى قىچقىرىپ قوي، كۆرۈشۈۋالاي.

kɛ(l)mɛs j ω laŋɣa qa(τ)lap. . كەلمەس يولۇڭغا قاراپ.

② يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە -jtqan، -utqan//-ytqan، itqan قوشۇلۇش بىلەن پۈتمىگەن سۈپەتداشلار ياسىلىدۇ. م:

| | |
|---|---|
| △iʃlijtqan iʃ | ئىشلەيدىغان ئىش |
| △ qi(li)tqan gɛp | قىلىدىغان گەپ |
| △ bajitqan j ε̄ (τ) | بارىدىغان يەر |
| △ tujutqan øj | تۇرىدىغان ئۆي |
| △ kYjytqan kyn | كۆرىدىغان كۈن |
| △gɛp aŋlimajtqan bala | گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا |

③ پېئىل يىلتىزلىرىغا ۋە ئۆزەكلىرىگە -ɣaq، -qaq//-gɛk، -kɛk قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن پۈتمىگەن سۈپەتداشلار ياسىلىدۇ. مۇنداق سۈپەتداشلار كۆپىنچە جانلىقلارنىڭ مىجەز - خۇلقلىرىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. م:

△jamanliɣaq, qejdiɣaq balikɛn.

يامانلايدىغان، قېيدايدىغان بالىكەن.

△ mɛn abdan ɛdɛmliniŋkidɛ bä(τ)ɣaq, andā(ɣ)j ε̄ (τ)-ligɛ bā(τ)miɣaq.

مەن ياخشى ئادەملەرنىڭكىدە بارىدىغان، ئانداق يەرلەرگە بارمايدىغان ئادەم.

△ mɛn andä(ɣ) kiʃiniŋ hɛqqini jimigɛk.

مەن كىشىنىڭ ھەققىنى يەيدىغان ئۇنداق ئادەم ئەمەس.

بۇ سۆپەتداشنىڭ ئىنكار شەكلى ئۆچۈن -ɛmɛs ياردەمچىسى قوشۇلىدۇ. م:

△ mɛn ɑndā(ɣ) jɑlɣɑn ejtqɑq(ɛ)mɛs.

مەن ئۇنداق يالغان ئېيتىدىغان (ئادەم) ئەمەس.

△ tʃoŋliniŋ gɪpigɛ unumiɣɑq (ɛ)mɛs, quluqɑm jumʃɑq ɛdɛm.

مەن چوڭلارنىڭ گېپىگە ئۇنۇمايدىغان (ئادەم) ئەمەس، قۇلىقىم يۇمشاق.

بۇسۆپەتداشنىڭ ئايىغىغا يەنە -ken<ikɛn ، -ti~-di<idi ، -miʃ<imiʃ ياردەمچى سۆزلىرى قوشۇلۇپمۇ قوللىنىلىدۇ. م:

△ ɷ jɑn-tɑmɑʃʃɑɣɑ kitʃig tʃɑɣimdɑ bɛk bā(ɪ)ɣɑqtim.

كىچىك ۋاقتىمدا ئويۇن - تاماشاغا بەك بارىدىغاندىم. (گۇما)

△ ɷ jɑn tɑmɑʃʃɑɣɑ bɛk bā(ɪ)miɣɑqtim, helimu bā(ɪ)-miɣɑq.

ئويۇن - تاماشاغا بەك بارمايدىغاندىم، هازىرمۇ بارمايمەن.

△ ɑsɑnlɑ ɑtʃtʃiɣi k ɛ̄ (l)gɛkkɛn.

ئاسانلا ئاچچىقى كېلىدىكەن.

△ meniŋmu ʃittig ɑtʃtʃiɣim k ɛ̄ (l)gɛkti.

مېنىڭمۇ تېز ئاچچىقىم كېلىدىغاندى.

△ x x x niŋ bɑlisi bɛkmu jɑlɣɑn ejtqɑqmiʃ.

x x x نىڭ بالىسى بەك يالغان ئېيتىدىغان بالىكەن.

بۇ فورما خوتەن دىيالېكتىدا بەك كەڭ قوللىنىلىدۇ، ھەممىلا پېئىللارنىڭ يىلتىزلىرىغا ۋە بولۇشسىز ئۆزەكلىرىگە قوشۇلىۋېرىدۇ. ئېلىش - سېتىش (سودا) ئىشلىرىدا خېرىدارلار بىلەن ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بۇ سۆيەتداشنىڭ دائىم قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. م:

△ mɛndɛj ā(l)ɣɑqni tɑpɑmmɑjlɑ.

مېنىڭدەك ئالىدىغان ئادەمنى تاپالمايدىلا.

△ hɛj, mɛndɛj sɑtqɑqni tɑpɑmmɑjlɑ.

ھەي، مەندەك ساتىدىغان ئادەمنى تاپالمايدىلا.

## 9. رەۋىشداشلار

### 9.1. «-p» رەۋىشداش

ئادەتتىكى يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-p»، -up//-ip، «-yp» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ رەۋىشداش ياسىلىدۇ. [o]، [ø] بىلەن قۇرۇلغان بىر بوغۇملۇق يىلتىزلار ياكى بىرىنچى بوغۇمىدا [o]، [ø] سوزۇق تاۋۇشلىرى كەلگەن يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-ɛp//-ɑp» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| bol -, bɷlɑp | بول-، بولۇپ |
| k ø̄ (r)-, kYrɛp | كۆر-، كۆرۈپ |

بىر خەۋەرنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. م:

△ bu gɛpni mɛn dɛbdim, ɑn u esiliwe(li)ɣliɣ.

بۇ گەپنى مەن دېۋىدىم، ئاندىن ئۇ ئېسىلىۋالدى.

△ gumiɣɑ qā(τ)lɑp meŋip, ɑn 2 kyndɛ jɛttyk, piʃɑdɛ.

گۇمىغا قاراپ مېڭىپ، ئاندىن ئىككى كۈندە پىيادە يېتىپ باردۇق.

«ɑ»، «jɑ» يۈكلىمىلىرى مەيلى تۇرغۇن سۆزلەردىن، مەيلى پېئىللاردىن خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇپ تەكىتنى بىلدۈرىدۇ. م:

△ bu gɛpni ʃu gɑdɑj dɛmmut(u)ɑ-?

بۇ گەپنى شۇ كىشى دەپتۇمۇ؟

△ hɛ, mɛn dɪdim-jɑ.

ھە، مەن دېدىمغۇ.

△ mɪni qitʃijɣɑn kim-ɑ u?

مېنى قىچقىرغان كىم ئۇ؟

△ hɛ, mɛn-jɑ

ھە مەنغۇ.

△ ikkis(i)niŋ himi bij-jɑ.

ئىككىسىنىڭ تىلى بىر.

△ mɪniŋmu ytʃ bɑlɑm bā(τ)-jɑ.

مېنىڭمۇ ئۈچ بالام بار.

ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرگۈچى -tʃilik قوشۇمچىسىدىن كېيىن

يەنە -ki ياكى -kɛ قوشۇپ قوللىنىلىدۇ.

△ texi bit saɛt maŋɣutʃilɛkki aldida pɛjda boldi.

(چىرا)

تېخى بىر سائەت ماڭا ـ ماڭماي ئالدىدا پەيدا بولدى.

△ alɛm bit wax b ω lā(t) tʃaqqiʃilɛkki jɪtip kɪlit-

mɛ̄(n). (چىرا)

ئانچە ۋاخ قالماي يېتىپ كېلىمەن.

△ dadamniŋ tɛwɛsidin tʃiqip kɪtip bō(l)ɣutʃilɛkkɛ

tutulup qā(l)saq qajdā(ɣ) qilā(t)miz dɪdi.

(چىرا)

دادامنىڭ تەۋەسىدىن چىقىپ بولغۇچە تۇتۇلۇپ قالساق، قانداق قىلارمىز، دېدى.

تەكىت يۈكلىمىسى -la دىن كېيىن -kin، -kam قوشۇپ قوللىنىلىدۇ. م:

△ n ɛ̄ gilikam bā(t)sa, ʃ(uj) ɛ̄(t)gɛ apitip q(oj)aŋlā(t dɪdi.

نەگىلا بارسا، شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، دېدى.

△ k ø̄(t)sɛmlikin~k ø̄(t)sɛmlikam dɛp q(oj)aj.

كۆرسەملا، دەپ قوياي.

تەكىت يۈكلىمىسى -la نىڭ ئورنىدا -oq ياردەمچىسىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. م:

△ tʃitiɣα betiwoq jαnitmε(n)

چىرىغا بېرىپلا يانىمەن.

## 11. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

بۇ يەردە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئالاھىدە بولغانلىرىلا بايان قىلىنىدۇ.

11.1 -liq ، -luq//-lik ، -lyk قوشۇمچىسى: -liq ، -luq//-lik ، -lyk قوشۇمچىلىرى سۆپەتلەردىن ئىسىم ياسايدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| ياخشى | jαxʃi |
| ياخشىلىق | jαxʃiliq |
| يامان | jαmαn |
| يامانلىق | jαmαlliq |
| قۇم | qum |
| قۇملۇق | qumluq |
| كۆن | kyn |
| كۆنلۆك | kyllyk |

△ kyllykkε iʃlijtti.

كۆنلۆك ئىشلەيتتى.

11.2 -liɣ ، -luɣ//-lig ، -lyg قوشۇمچىسى

-liɣ ، -luɣ//-lig ، -lαɣ//-lyg ، -lεg قوشۇمچىلىرى ئىسىملاردىن سۆپەت ياسايدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| jaɤ, jaɤliɤ tɷqatʃ | ياغ، ياغلىق تۇقاچ |
| paxta, paxtiliɤ tʃapan | پاختا، پاختىلىق چاپان |
| put, tøt putɬuɤ | پۇت، تۆت پۇتلۇق |
| jyz, ikki jyzlyg | يۈز، ئىككى يۈزلۈك |
| boj, bojlaɤ ɛdɛm | بوي، ئېگىز بويلۇق ئادەم |
| køz, qaɾa køzlɛg | كۆز، قارا كۆزلۈك |
| øŋ, buɤdaj øŋlɛg | ئۆڭ، بۇغداي ئۆڭلۈك |

△ qojlaɤ ɛdɛm goʃ jijtkɛn, ɛ̄ (τ)lig ɛdɛm tajaq jijtkɛn.

قويلۇق ئادەم گۆش يەيدىكەن، ئەرلىك ئادەم تاياق يەيدىكەن.
(ماقال)

گۇما شېۋىسىدە بۇ قوشۇمچىدىن كېيىن يەنە [n] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قوللىنىلىشى مۇمكىن. م:

△ ikki jyzlygyn idɛm

ئىككى يۈزلۈك ئادەم

11 . 3 . «-tɛj ، -dɛj//-tɛg ، dɛg» قوشۇمچىلىرى

ئەدەبىي تىلدىكى «-tɛk ، -dɛk» قوشۇمچىسى خوتەن دىيالېكتىدا «-tɛj ، -dɛj~-tɛg ، dɛg» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. م:

△ attɛj ɪʃɛkkɛn.

ئاتتەك ئېشەك ئىكەن.

△ qojdɛj jawaʃkɛn.

قويدەك يۇۋاش ئىكەن.

△ jolwɑstɛj kuʃluɤ ɛdɛmkɛn.

يولۋاستەك كۈچلۈك ئادەم ئىكەن.

△ $\overline{\imath}$ ndɑ kɑlidɛj bij n $\overline{\varepsilon}$ (τ)sɛ køj(y)nytu kYzɛmgɛ.

كالىدەك بىر نەرسە كۆرۈندۇ، كۆزۈمگە، ئاۋۇ يەردە.

11. 4. «-sijɛ ،-siτɛ//-sijɑ～-siτɑ» قوشۇمچىلىرى

«-sijɛ ،-siτɛ//-sijɑ～-siτɑ» قوشۇمچىلىرى

ئەدەبىي تىلدىكىدەك تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسايدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| jiɤlɑmsijɑp～jiɤlɑmsiτɑp | يىغلامسىراپ |
| kylymsijɛp | كۈلۈمسىرەپ |

11. 5. -siji ،-siτi قوشۇمچىلىرى

«-siji8 ،-siτi» ئەدەبىي تىلدىكىدەك پۈتكەن سۈپەتداشلاردىن

رەۋىش ياسايدۇ. م:

| خو. د. | ئە. ت. |
|---|---|
| tū(τ)ɤɑnsiji | تۇرغانسىرى |
| mɑŋɤɑnsiτi | ماڭغانسىرى |

11. 6. «-ŋɤu ،-ŋgy//-ɑŋɤu ،-ɛŋgy» قوشۇمچىسى

بۇ قوشۇمچە ئەدەبىي تىلدا بىر قەدەر ئۇنۇمسىز قوشۇمچە.

لېكىن خوتەن دىيالېكتىدا پېئىلنىڭ يىلتىزى ياكى ئۆزەكلىرىگە

قوشۇلۇپ سۈپەت ياسايدۇ، ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن جىق

ئۇنۇملۇك قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ. م:

| ئە. ت. | خو. د. |
|---|---|
| يىغلا- | jiɣlɑ- |
| يىغلاڭغۇ بالا | jiɣlɑŋɣu bɑlɑ |
| ئالدىرا- | ɑldijɑ- |
| ئالدىراڭغۇ بالا | ɑldijɑŋɣu bɑlɑ |
| يىرتىل- | ji(τ)til- |
| يىرتۇق كىيىم | ji(τ)tlɑŋɣu kijim |
| قىستال- | qistɑl- |
| قىستاڭ يەر | qistilɑŋɣu j ε̄ (τ) |
| سىقىش- | siqiʃ- |
| تار كىيىم | siqiʃɑŋɣu ɪgin |
| ياراش | jɑjɑʃ- |
| يارىشىملىق كىيىم | jɑjiʃɑŋɣu ɪgin |
| ئولتۇرۇش- | oltuτuʃ- |
| ئولتۇرشاڭغۇ | oltujʃɑŋɣu |
| كەل- | kεl- |
| كېلىشەڭگۈ ئادەم | kɪliʃεŋgy εdεm |
| چىشلە- | tʃiʃlε- |
| چىشلەگىلىك تۇرىدۇ | tʃiʃlεŋgy tuτ(u)tu |
| ئېزىل- | ɪzil- |
| ئېزىلەڭگۈ ئادەم | ɪzilεŋgy εdεm |
| كېسىۋات- | kɪsiwɑt- |

△ tʃɑj t ꙍ ʃujtqɑn ɑjɑllinĭŋ bijsinĭŋ kYzi oltuj(u)ʃɑŋ-ɤukɛn.

چاي تۇشۇيدىغان ئايالارنىڭ بىرسىنىڭ كۆزى ئولتۇرۇشاڭغۇ ئىكەن.

△ etinĭŋ qū(j)τuqi kɪsiŋgykɛn.

ئېتىنىڭ قۇيرۇقى كېسىڭگۇ ئىكەن.

△ bɛk ε̄ (τ)kydɛŋgy bɑlikɛnsiz, boʃjɑq ε̄ (τ)kydɛŋ.

بەك ئەركىلەيدىغان بالا ئىكەنسىز، ئازراق ئەركىلەڭ.

# IV خوتەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆلگىلەر

## 1. خەلق قوشاقلىرى

ئېلچى ناھىيىسى ئاقتاش رايونى شورۋاغ كەنتى.

1956.9.17 سەيدىمەمەت ياغ ئاغزىدىن:

△ tʃaŋ - tʃaŋ lojɛ , tʃaŋ - ʃaŋ lojɛ,
tʃaŋ-tʃaŋ nem(ɛ) iʃ wā(r).
jandżuquŋda bij pulaŋ joq,
ojnaŋ nem(ɛ) iʃ wā(r).

△ ɛttigɛndɛ ʃɛdnɛmdɛ,
jō(r)ɣulajtu bij toʃqan.
kɪtʃɛ k ø̄ (r)gɛn jarimniŋ,
lɪwigɛ nawat qoʃqan.

△ bɛʃ-altɛ zaman boldi,
ālɛnı tʃørgilɛj dɛjtu.
jyrɛktiki zɛrdap su,
qanɣa ørgilɛj dɛjtu.

△ østɛŋ b ɷ jidɑ kɑtu,
ɑjimxɑn dutā(τ) tʃā(li)tu.
ɑjimxɑn dutā(τ) tʃā(l)sɑ,
jɑʃ bɑl(i)lā(τ) hɛ(j)jɑn qā(li)tu.

△ østɛŋ beʃ(i)tin ʃɑx kɛssɛm,
sɑjliɤil bā(τ)ɤum joq.
ot Kɛtsyn ʃu mɛllɛŋgɛ,
ojniɤili jɑτim joq.

△ quτɤuj bɑlisi ālim,
ālim bɑlisi zɑlim.
sɛn mɑŋɑ kYjɛp qɛ(li)psɛn,
qɑndɑq qilisɛn jɑτim?

△ bij bɑqqɑ ɑnā(τ) sɑldim,
bij bɑqqɑ jɑlɑŋ tāɤɑtʃ.

tʃ ø̄ (τ)gylyp k ī tɛlmijsɛn,
køŋlyŋni eliwā(l)ɤɑtʃ.

△ bɑqqɑ kijdim ʃ ɷ τɑŋdin,
tɑmājim joq ɑlmɑŋdin.
tɛɤdiτ ɑllɑ ʃundɑɤkɛn,
ā(j)τiwɛtti dz ɷ τɑmdin.

△ quτɤujum palaxlajtu,
jā(τ)niŋ baɤida paxtɛk.
ʃɪjɛt qilsam uxmajtu,
ʃ ɛ̄ τiŋdɛ dzuwan joxtɛk.

△ sɪniŋ mɛn-a, sɪniŋ mɛn,
sɪniŋ ɛmɛs, kimniŋ mɛn.
ʃɛhidanɛ x ɷ tɛndɛ,
setiwalɤan quluŋ mɛn.

△ mɛn baɤiŋɤa kiτmɛjmɛn,
baɤliτiŋda j ȳ (τ)mɛjmɛn.
ɛmdi kɛldim haqlimɤa,
nadan bil ɛ̄ (n) j ȳ (τ)mɛjmɛn.

△ baʃimdiki salatim,
aɤzimdiki nawatim.
jā(τ) xɛt ī (τi)mgɛ kɛlgɛndɛ,
utʃqili joq qanatim.

△ iʃik aldim julɤunluq,
tʃYτisi qizil gulluq.
aʃina tutaj dɪsɛm,
jandzuqumda bij pul joq.

△ sɪniŋ ɑʃnɑŋ, mɪniŋ dostɑm,
sɑɾɑjdɑ mɛʃjɛp ojnɑjli.
kYzigɛ ilmigɛn jɑ̄(ɾ)niŋ,
beʃiɣɑ dɛssɛp ojnɑjli.

△ ɑh uɾup ɑdɑ boldɑm,
ɣɛmgɛ muptɑlɑ boldɑm.
biɾ k ø̄ (ɾ)gɛtʃ dzɑmɑliŋni,
ɑʃiq biqɑɾɑ̄(ɾ) boldɑm.

△ lɑtʃin soqqɑn toʃqɑnniŋ,
dzɑŋgɑldɑ uwɑsi bɑ̄(ɾ).
x ɷ tɛnlig jitimlɛɾniŋ,
ʃu ʃ ɛ̄ (hɛ)ɾdɛ nɪmɛsi bɑ̄(ɾ).

△ mɑŋsɑq jollɑɾ tʃɑmɣū(ɾ)luq,
tʃɑmɣū(ɾ)luqtʃɛ mɑŋɣuluq.
jeŋi tutqɑn jɑɾimniŋ,
bij qɑ̄(ɾ)liʃi jɑmbuluq.

△ ʃ ɛ̄ (hɛɾ)niŋ k ɷ tʃisi t ɷ lɑ
ɑstɑ mɑŋsilɑ b ɷ lɑ̄(ɾ).
tʃōkɑndɑ kːŋɛʃ t ɷ lɑ,
jɑ̄(ɾ) tutmisilɑ b ɷ lɑ̄(ɾ).

△ tαwā(τ) kɛskɛn qātʃim sɛn,
dū(τ)dun kɛskɛn qātʃim sɛn.
jyτɛkkɛ otni sɛ(li)p q ω jαp,
qetʃip kɛtkɛn jατim sɛn.

△ i jαn Ytydu bij gul,
bi jαn Ytydu bij gul.
αtuʃniŋ mαzατidα,
sā(j)ταp jαtidu bulbul.

△ tɛlpikim sɛkkiz tαlα,
t ø̄ (τ)ti αlα, t ø̄ (τ)ti qατα.
sɛkkiz αj ω tαŋdα køjdɛm,
bilmigɛn køŋli qατα.

△ hαwidα bulut ɛjzαn,
jαmɣu(τ) jαɣidu lɛjzαn.
x ω tɛnniŋ sɪtɛŋlɛτi,
ʃαptul qeqidin ɛjzαn.

△ ojniɣili uz jαxʃi,
teτilɣili(<tejilɣili) muz jαxʃi.
b ω lā(τ)-bolmαs ʃol jā(τ)din,
jαndzuqtiki pul jαxʃi.

△ gul ɣuntʃis(i)kε mεjlim bā(τ),

sYzymni j ε̄ (τ)dε qojmɑjtu.

lɪwigε nεtʃtʃini søjsεm,

jyτεkim εslɑ tojmɑjtu.

△ ili j ω lidɑ k ø̄ (τ)dyŋmu?

tɑmɣɑ jɑjɣɑn tʃεkmεnni.

ʃu x ω tεndε k ø̄ (τ)dyŋmu?

mεndεj ɣeτip dεtmεnni.

△ ɑq tʃεkmεn, qizil tʃεkmεn,

jεŋdε(<τεŋdε) b ω τiɣɑn(<bojiɣɑn)tʃεkmεn.

jɑʃ bɑllidin bixεw ε̄ (τ),

tʃōkɑnlā(τ) b ω lā(τ) dεtmεn.

△ mεn bɑjɑjmu, bā(τ)mɑjmu?

bɑj ɣ ω dzɑmniŋ g ε̄ (τ)mis(i)kε.

jɑτimni tɪgiʃmijtm ε̄ (n),

x ω tεnligniŋ hεmmis(i)kε.

△ Ytykɛm mɑjmɑqqɑ kɛtti,
sim bɪxīniŋ d ɛ̄ (ɾ)digɛ.
on dzenimniŋ bijisi joq,
sɛn xenimniŋ d ɛ̄ (ɾ)digɛ.

△ jɑwipɑmniŋ tɑɾis(i)ni,
tʃ ω quwɑldi tumutʃuq.
kɪliŋ jɑɾim ojnɑjli,
siz tʃijɑjliɣ, mɛn ω tʃuq.

قارىقاش ناھىيىسى قاياش.

1956 . 10 . 15 ئابدىسايىت ئاغزىدىن:

△ øgzɛŋgɛ tʃiqqan bilɛn,
lɛmpɛŋgɛ ulaʃmasmɛn.
mɛndin bYlɛk jā(ɾ) tutsaŋ,
mɛn seni talaʃmasmɛn.

△ qeʃiŋ dɛjmu, kYzɛŋ dɛjmu,
sijaqiŋ qildi mɛstanɛ.
dzahanni izdisɛm joqtuɾ,
sɪniŋdɛj jaxʃi dzananɛ.

△ østɛŋ syji tā(ɾ)tildi,
jā(ɾ) kɛtkɛnmiki baʃtin.
dosttun t ω likɛn dyʃmɛn,
ajɾilduq qɛlɛm qaʃtin.

△ iʃ(i)k ajliŋɣa mɛn bā(ɾ)dim,
sɛglɛɾiŋgɛ jalwā(ɾ)dim.
tʃiqmajs $\overline{\varepsilon}$ (n) tala-tyzgɛ,
z $\overline{\varepsilon}$ piɾɛŋdɛj sā(ɾ)ɣadim.

△ qutɣujum utʃti q ω lamdin,
beʃkɪtemniŋ baɣiɣa.
gah dɪsem dalwajɣa kelmej,
ketti dzennet baɣiɣa.

△ iʃ(i)k ajliŋda bij etiq,
ʃildijlajdu bij beliq.
mɪni søjgen aɣziŋda,
kimni søjdyŋ aq syzyk.

△ baqqa kijdim kɪtʃilep,
beʃ balamni jɪtilep.
beʃ balamniŋ anisi,
texi tʃōkan sɪkilek.

△ mamu ω qudum nawaji,
semmu ω quduŋ nawaji.
alt(i)aj boldi tyg(y)migili,
sen jatimniŋ dawaji.

△ bu tazlā(t) jaman tazlā(t),
ajmaqi bilen tazlā(t).

tʃɑτidɑ qetiq tū(τ)mɑs,
qɑjmɑqi bilɛn tɑzlā(τ).
dzɑŋgɑldɑ ω tɑn tū(τ)mɑs,
qɛwzɑqi bilɛn tɑzlā(τ).

قارىقاش ناھىيىسى قاياش.

1956.10.16　　ئايۇپ ئاخۇن مەمەت ئاخۇن ئاغزىدىن:

△ iʃ(i)k ɑjliŋdin øtkɛngɛ,
kYjɛp(<køτɛp) qɑlidu dɛmsɛn?
mɛndin bɑʃqɑ jɑτi joq,
Ylɛp qɑlidu dɛmsɛn?

△ bɑʃ-kYzɛm ɑɣ(τ)ijtu mɪniŋ,
nɪm(ɛ) bɑlā boldi bygyn.
buɣdɑj øŋlɛg, qoj kYzi,
jā(τ)din dzudɑ boldum bygyn.

△ bɑɣiŋɣɑ kijɛτ bolsɑŋ,
q ɷ luŋɣɑ pɛnɛτ ɑlɣin.
jū(τ)tuŋɣɑ musɑpij mɛn,
hālimdin xɛw ɛ̄ (τ) ɑlɣin.

△ ɑq tɛlpɛk, qɑτɑ tɛlpɛk,
mɛn kɛjsɛm jɑτɑʃɑmtu?
tɑʃiliɣ hɑτɑmzɑdɛ,
jɑτimni tɑlɑʃɑmtu?

△ eτiqiŋɤɑ su kɛldi,
ɑzmɑ - ɑzmɑ ʃɑqijɑp.
mɪniŋ jɑτim sɑj kɛldi,
t ω lɑn ɑjdɛj pā(τ)qiτɑp.

△ eτiq beʃ(i)qɑ øj sɑldim,
itʃi - teʃ(i)ni suwɑtmɑj.
tʃōkɑnlā(τ) sYjɛj dijtu,
ɑɤzi - beʃ(i)ni juwɑtmɑj.

△ ɑq quʃqɑtʃ, qɑτɑ quʃqɑtʃ,
ɑq buɤdɑjɤɑ tojdɑŋmu?
x ω tɛnniŋ sɪtɛŋlɛτi,
jɑʃ bɑl(i)lā(τ)ɤɑ tojdɑŋmu?

△ mɑkuj østɛŋ b ω jidɑ,
ynyptu ɛ̄ (τ)mɛn jɑpilɑq.
x ω tɛnni istisɛm joqtuτ,
mɪniŋ jɑτimdɛj jumulɑq.

△ Ytykεm mαjmαqqα kεtti,

sim bexiniŋ d ε̄ (ʈ)digε.

on dzenimniŋ bijsi joq,

sεn jαʈimniŋ d ε̄ (ʈ)digε.

△ mεn bαzā(ʈ)ɣα bā(ʈ)misαm,

hεptidε kεlmεjtu bαzā(ʈ).

sεn xenimni k ø̄ (ʈ)misεm,

gelimdin øtmεjtu ɣizα.

△ q ɷ ɣun teʈidim toŋdα,

sojmα tʃyʃydu oŋdα.

ɷ jαnni t ɷ lα ojnαp,

tαmbαl qā(i)midi qoŋdα.

△ køjgili kεlcεŋlimu?

køjd ε̄ (ʈ)gili kεldεŋlimu?

kYjεp øtʃkεn otlini,

jαndū(ʈ)ɣili kεldεŋlimu?

△ iʃ(i)k αlαŋɣα mεn bā(τ)dim,
jYtylεp, gul kYtyτεp.
tʃiqmαjsεn tαlα - tyzgε
tʃαjpαŋzidα tʃαj kYtyτεp.

△ τ ω mαlimdα toqquz køz,
dyʃmεn tαpti jαlɣαn søz.
dyʃmεn tαpsα tαpqαntu,
ā(j)τilmαsmiz qατα køz.

△ wαj xenim mut kεtmisyn,
øgzεŋgε ʃūtuŋ jεtmisyn.
sεn yzεŋ hαjαt tuτup,
køjgεnliτim mut kεtmisyn.

△ hαwudα - ju, hαwudα,
pikτi - xijαli zαwudα.
k ε̄ (l)migεtʃkε bā(τ)miduq,
αwατε bolduq ατidα.

△ mɛn bu joltʃɛ mɑŋmɑjttim,

mɑŋsɑm hɛτ tɪτɛptɛ jol.

dostun t ɷ likɛn dyʃmɛn,

jā(τ) Yzɛŋgɛ ɑgā(h) bol.

△ sɛnmu tʃiqqin køl beʃ(i)qɑ,

mɑmu tʃiqɑj køl beʃ(i)qɑ.

ojnumisɑqmɑ ojnɑjli,

dyʃmɛn gujniŋ qilmiʃ(i)qɑ.

△ ɪgiz østɛŋ b ɷ jidɑ,

bɪdɛ pɑqlɑn b ɷ lɑptu.

kɛstyn kɛjgɛn sɛjmɑlā(τ),

ɛmdi tʃɑqqɑn b ɷ lɑptu.

△ ā tɪτɛptɛ bij tʃomtʃɑq,

mā tɪτɛptɛ bij tʃomtʃɑq.

ʃu kɛmdiki sɪtɛŋl ɛ̄ (τ),

dɛlgydɛ qā(l)ɤɑn køk qomtʃɑq.

△ αqsατajdin x ω tun αldim,

osmisi ō(τ)ɣαqtʃε bā(τ).

